	尊称	[i̥kɛnsiz] ئىكەنسىز	
第三人称		[i̥kɛn] ئىكەن	

سىز بەك ياخشى ئادەم ئىكەنسىز .
[siz bɛk jaχʃi adɛmkɛnsiz.]
（听说您是个非常好的人。）

ئۇ بۇ يىل ئۈرۈمچىگە بارغانىكەن .
[u bu jil yrymtʃigɛ barʁanikɛn .]
（听说他今年去过乌鲁木齐。）

[i̥kɛn]« ئىكەن »的疑问式：

[i̥kɛn]« ئىكەن »的前面或后面加语气词[mu]« مۇ »构成。语气词加在前面时 [……mu ikɛn]« مۇ ئىكەن...» 要紧缩成[……mikɛn]« مىكەن ... »并和前面的词连写，如：

ئۇ ئالىم بىلەن دوستمىكەن ؟
[u alim bilɛn dostmikɛn ?]
（他和阿力木曾经是朋友吗？）

ئۇ ئالىم بىلەن دوست ئىكەنمۇ ؟
[u alim bilɛn dostkɛnmu ?]

注：①在口语里 [i̥kɛn] [i̥kɛnmɛn] [i̥kɛnsɛn] // ئىكەن... » « ئىكەنسەن ... // ئىكەنمەن ... 中的[i]« ئى »常脱落，其余部分与前面的词语连读，如：

口语	书面语
[mɛn uniŋ bilɛn	مەن ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنمەن .

口语	书面语
sawaʁdaʃkenmen.]	
[biz uniŋ bilen sawaʁdaʃkenmiz.]	بىز ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنمىز .
[sen uniŋ bilen sawaʁdaʃkensen.]	سەن ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسەن .
[siz uniŋ bilen sawaʁdaʃkensiz.]	سىز ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسىز .
[siler uniŋ bilen sawaʁdaʃkensiler.]	سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسىلەر.
[uniŋ bilen sawaʁdaʃken.]	ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەن .

② [idi] [ikɛn]« ئىدى //ئىكەن » 和形动词附加成分 [-ʁan] [-qan] [-gɛn] [-kɛn]« ـ غان //ـ قان // ـگەن //ـكەن » 结合时要连写，如：

[oquʁan+idi=oquʁanidi]	ئوقۇغان+ ئىدى = ئوقۇغانىدى
[oquʁan+ikɛn=oquʁanikɛn]	ئوقۇغان+ ئىكەن = ئوقۇغانىكەن
[kɛlgɛn+idi=kɛlgɛnidi]	كەلگەن+ ئىدى = كەلگەنىدى
[kɛlgɛn+ikɛn=kɛlgɛnikɛn]	كەلگەن+ ئىكەن = كەلگەنىكەن

33.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按完成形动词、持续形动词、未完成形动词

的肯定形式加以变化。

خۇشال بول- ئولتۇر- ياز- ئوينا- قايت-

ئەكس ئەتتۈر- ئوقۇ- كەل- يە- ئۇخلا-

تەسىر قالدۇر- چىق- بار- ئۆگەن- بەر-

3）将下列动词按完成形动词、持续形动词、未完成形动词的否定形式加以变化。

ياز- چىق- ئال- ماڭ- قايت-

كۆر- ئارزۇ قىل- كەت- تۇر- ئارام ئال-

مەدھىيىلە- يۈز بەر- ئېلىپ بار- ئىشلە- ھېكايە قىل-

دە- قاتناش- تەكرارلا- قىزىق- قارشى ئال-

4）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的名词格和完成形动词形式填空。

(1) مۇرات ياز- [ ] ماقالە [ ] كۆردۇڭلارمۇ؟

(2) يېڭى كەل- [ ] مېھمانلار باراز[ ] كەتتى.

(3) ئالىم ماڭا بەر- [ ] كىتاب[ ] كۆردىڭىزمۇ؟

(4) مەن بېيجىڭغا بارما- [ ].

(5) سىلەر ئوقۇ- [ ] كىتاب[ ] بىزمۇ ئوقۇدۇق.

(6) يېڭى كەل- [ ] ساۋاقداشلار[ ] قارشى ئالدۇق.

3）用适当的名词格和持续形动词形式填空。

(1) ئۇسسۇل ئوينا- [ ] قىز بىزنىڭ سىنىپ[ ] ئوقۇيدۇ.

(2) مۇرات بىلەن پاراڭلاش- [ ] كىم؟

(3) بۇ ماقالە [ ] مېنىڭ دوستۇم تەرجىمە قىل- [ ] ئىدى .

(4) دەرسكە كەلمە- [ ] ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئەمەس .

(5) مەن ئۆيگە كىرگەن [ ] ئۇ تېلېۋىزور كۆر- [ ] ئىكەن .

(6) ئۇ مېنىڭ گەپ [ ] ئاڭلىما- [ ] بالا .

4）用适当的名词格和未完成形动词形式填空。

(1) بۇ مەن ياخشى كۆر- [ ] تاماق .

(2) سىلەر بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈز- [ ] ئوقۇغۇچىلار .

(3) سىلەرنىڭ سىنىپ [ ] تەتىلدە شىنجاڭغا قايتما- [ ] ساۋاقداشلار بارمۇ ؟

(4) بۇ ئادىل ياخشى كۆر- [ ] كىتاب .

(5) بىزنىڭ ئۆيدە دادامنىڭ گەپ [ ] ئاڭلىما- [ ] ئادەم يوق .

(6) شىنجاڭدا خەنزۇچە بىلمە- [ ] ئادەم ئىنتايىن ئاز .

5）用适当的系助动词填空。

(1) ئۇ بۇرۇن دوختۇر [ ] .

(2) ئۇلارنىڭ سىنىپىدا ئوتتۇز ئوقۇغۇچى بار [ ] .

(3) بىز تۈنۈگۈن بازارغا بار- [ ] .

(4) مەن ئۆتكەن يىلى ئوقۇغۇچى [ ] ، ھازىر ئوقۇتقۇچى بولدۇم .

(5) سىز بەك ئېسىل ئادەم [ ] .

(6) بۇ يىل شىنجاڭدا ھاۋا بەك سوغۇق [ ] .

6）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 昨天我们迎接了新来的同学。

(2) 我原来没看过这部电影。

(3) 正唱歌的那个女孩是我的朋友。

(4) 这是我不喜欢的事情。

(5) 这是你们感兴趣的一本书。

(6) 去年他十九岁，今年二十岁了。

7）结合课文回答下列问题。

(1) سىلەر ئۇيغۇرچە كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىلەر ؟

(2) بۈگۈن مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا نېمە كىنو بار ئىكەن ؟

(3) كىنونى سائەت قانچىدە باشلايدىكەن ؟

(4) بېلەت ئالدىڭلارمۇ ؟

(5) بۇ كىنونى سىلەر بۇرۇن كۆرگەنمۇ ؟

(6) بۇ كىنو نېمىنى ھېكايە قىلغانىكەن ؟

第 34 课　ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس

34.1　课文　تېكىست

第二语言的学习　تىل ئۆگىنىش توغرىسىدا

(1) ئالدى بىلەن توغرا تىل ئۆگىنىش كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم . يېڭى بىر تىلنى ئىگىلەش ـــ ئۇزۇن ۋاقىت ۋە كۆپ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر قەدەر جاپالىق ئىش . بۇنىڭ ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك .

(2) شۇ تىلغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەرنى 1 ـ يىلىدىن باشلاپلا پۇختا ئۆگىنىش لازىم . چۈنكى دەرسلەر تېزلىكتە چوڭقۇرلىشىپ ماڭىدۇ . شۇڭا ھەر بىر دەرسنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ، ياخشى ئاساس سېلىش لازىم .

(3) تىل ئۆگىنىشتە ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك . مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ۋە خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىش لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرسخانىدىكى ھەرخىل مەشىقلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش لازىم . دەرس ۋاقتىدا چۈشەنمىگەن جايلارنى مۇئەللىمدىن سوراش كېرەك .

(4) كۆنۈكمىلەرنى تەلەپ بويىچە ئەستايىدىل ئىشلەپ مېڭىش لازىم . ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ تېكىستنى ،

سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇش لازىم . ئەڭ ياخشىسى ، جۈملە تىپلىرىنى يادلاش لازىم . نۇقتىلىق سۆزلەرگە ئېغىزچە ، يېزىقچە جۈملە تۈزۈش لازىم .

(5) تىل ئۆگىنىشتە يەنە كۆپ ئاڭلاش ، كۆپ سۆزلەش كېرەك . دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ، كىشىلەر بىلەن كۆپ پاراڭلىشىش كېرەك . خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق لازىم . بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ . ئاڭلاش ، چۈشىنىش قابىلىيىتى تېز ئۆسىدۇ . شۇنداق قىلغاندىلا تىلنى ياخشى ئۆگىنەلەيمىز .

34.2　词语　سۆز ـ ئىبارىلەر

奠基；打基础	[asas saL-]	ئاساس سال ـ
基本的；基础的	形 [asasi]*	ئاساسىي
①松；松弛； ②发软；松懈	动 [boʃaʃ-]	بوشاش ـ
①依照；按照；遵照 ②表示某一个范围	副 [bojitʃɛ]	بويىچە
较；比较	副 [birqɛdɛr]	بىرقەدەر
知识；学识；学问	名 [bilim]	بىلىم
①牢固的；扎实的 ②结实的；厚实的	形 [pu̥χta]*	پۇختا
为此	[buniŋ ɣtʃyn]*	بۇنىڭ ئۈچۈن
要求；请求	[tɛlɛp qiL-]	تەلەپ قىل ـ

对的；正确的；实在的	形	[toʁra]	توغرا
树立；建立	动名	[turʁuzuʃ]	تۇرغۇزۇش
浅	名	[tejizliq]	تېيىزلىق
努力； 刻苦	动	[tiriʃ-]	تىرىش -
辛苦的；苦难的；艰难的；辛勤的	形	[ʤapaliq]	جاپالىق
地方；地点；地区	名	[ʤaj]	جاي
句型		[ʤymlɛ tipliri]	جۈملە تىپلىرى
变深；加深	动	[ʧoŋqurla-]	چوڭقۇرلا -
错的；错误的	形	[χata]	خاتا
记笔记		[χatirɛ qaldur-]	خاتىرە قالدۇر-
下课		[dɛrstin ʧyʃ-]	دەرستىن چۈش -
词语		[søz- ibarɛ]	سۆز - ئىبارە
只有这样		[ʃundaq qilʁandila]	شۇنداق قىلغاندىلا
与此同时		[ʃuniŋ bilɛn birgɛ]	شۇنىڭ بىلەن بىرگە
能力；才能	名	[qabilijɛt]	قابىلىيەت
刻苦；努力	动	[qetirqan-]	قېتىرقان -
观点；看法	名	[køzqaraʃ]	كۆزقاراش
用心；精心		[køŋyl qoj-]	كۆڭۈل قوي -
要；需要；必须；应当；应该	形	[kerɛk]	كېرەك
有关的；关系到……的	形	[munasiwɛtlik]	مۇناسىۋەتلىك

重点的	形	[nuqtiliq]	نۇقتىلىق
①长；生长；成长 ②上升；上涨；提高	动	[øs-]	ئۆس ـ
效率；效果；收效	名	[ynym]	ئۈنۈم
口语；口头的	形	[eʁiztʃɛ]	ئېغىزچە
决心；意志；志向；毅力	名	[iradɛ]	ئىرادە
掌握	动名	[igilɛʃ]	ئىگىلەش
书面的	形	[jeziqtʃɛ]	يېزىقچە

34.3　词语用法说明

(1)　[la]« لا »

[la]« لا »是语气词，表示强调、限制或动作与其他动作发生的时间紧密相连等意义，如：

（我们应该从一开始就好好学习。）　بىز باشتىن باشلاپلا ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم .
[biz baʃtin baʃlapla jaχʃi øginiʃimiz lazim.]

（离考试只剩下一天了。）　ئىمتىھانغا بىر كۈنلا قالدى .
[imtihanʁa bir kynla qaldi.]

(2)　[lazim][kerɛk]« كېرەك // لازىم »

[lazim][kerɛk]« كېرەك // لازىم » 是形容词，经常和动名词连用，表示对动名词所表达的行为动作实现的必要性，如：

（不应该害怕说错。）　خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق لازىم .
[χata søzlɛp qojuʃtin qorqmasliq lazim .]

（应当好好学习维吾尔语。）　ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك .
[ujʁur tilini jaχʃi øginiʃ kerɛk .]

ئاساسي بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىشىمىز لازىم . （基础知识应该学得扎实。）
[asasi bilimlɛrni pṷχta øginiʃimiz lazim.]

(3) [bojitʃɛ]« بويىچە »

[bojitʃɛ]« بويىچە »是副词。

① 表示行为动作的范围，如：

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئاچتۇق . （今天全校（范围内）开大会了。）
[bygyn mɛktɛp bojitʃɛ tʃoŋ jiʁin atʃtuq .]

بىز بۈگۈن سىنىپ بويىچە كىنو كۆردۇق . （今天我们全班看电影了。）
[biz bygyn sinip bojitʃɛ kino kørḍuq .]

② 表示用某一种事物或动作作为依据或基础，如：

كۆنۈكمىلەرنى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەپ مېڭىش لازىم .
[kønykmilɛrni tɛlɛp bojitʃɛ jaχʃi i̦ʃlɛp meŋiʃ lazim.]
（应当按要求做好练习。）

سىز ئۇيغۇر تىلىنى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئۆگىنىڭ .
[siz ujʁur tilini muʃu ṷsul bojitʃɛ øginiŋ.]
（您就按这种方法学维吾尔语吧。）

34.4 语音语法要点

一、口语中 [li][lu]« لى // لۇ »的脱落

[tʃaL][qaL][kɛL][saL][aL][boL][qiL]// « چال ـ // قال ـ // كەل ـ // سال ـ // ئال ـ // بول ـ // قىل ـ » 等以 [l]« ل »结尾的单音节动词，接副动词附加成分 [-p][-ip][-up][-yp]// « ـ پ // ـ ىپ // ـ ۇپ // ـ ۈپ » 并和助动词连用表示各种情态时，口语中其中的

[li][lu]« لۇ// لى »音节脱落，如：

汉语	口语	书面语
（您太辛苦了。）	[bɛk awarɛ bop kɛttiŋiz.]	بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز .
（他感冒了。）	[u zukam bop qaptu.]	ئۇ زۇكام بولۇپ قاپتۇ .
（您拿过来，我看看。）	[ep beqiŋ ，køryp baqaj.]	ئېلىپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقاي .

二、副动词

副动词是动词的一种非人称形式，兼有副词和动词的特点。它表示动作的状态、方式、目的、原因、时间等意义。维吾尔语副动词的种类较多。

[-p] « ـ پ »副动词（状态副动词）

动词词干+ [-p][-ip][-up][-yp]« ـ پ // ـىپ // ـۇپ // ـۈپ »构成，如：

<table>
<tr><th>附加成分</th><th colspan="3">附加方法</th><th>词例</th></tr>
<tr><td>ـ پ
[-p]</td><td colspan="3">附加在以元音结尾的词后</td><td>ئوينا + پ = ئويناپ
[ojna+p = ojnap]</td></tr>
<tr><td>ـ ىپ
[-ip]</td><td rowspan="3">附加在以辅音结尾的词后</td><td colspan="2">附加在展唇元音音节后</td><td>ياز + ىپ = يېزىپ
[jaz+ip = jezip]</td></tr>
<tr><td>ـ ۇپ
[-up]</td><td rowspan="2">附加在圆唇元音音节后</td><td>附加在后元音音节后</td><td>تۇر + ۇپ = تۇرۇپ
[tur+up = turup]</td></tr>
<tr><td>ـ ۈپ
[-yp]</td><td>附加在前元音音节后</td><td>كۆر + ۈپ = كۆرۈپ
[kør+yp = køryp]</td></tr>
</table>

①[-p]« پ - » 副动词修饰动词谓语，表示动作进行的方式或状态，如：

（他会努力学习。）　　[u tiriʃip oqujdu .]. ئۇ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ

（我坐在教室里给家里写了信。）　　مەن سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئۆيگە خەت يازدىم .
[mɛn sinipta olturup øjgɛ χɛt jazdim .]

②当主体发出两个以上的动作时，不强调各个动作的独立性，而只表示它们之间的顺序、对比、并列等关系。除了最后的动词外，其余的动词都要用 [-p]« پ - » 副动词，如：

ئۇ خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى .
[u χɛnzu tilini tiriʃip øginip , jaχʃi nɛtidʒigɛ eriʃti.]
（他通过努力学习，汉语取得了好成绩。）

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىنى كىيىپ ، يۈزىنى يۇيۇپ سىرتقا چىقتى .
[u ornidin turup , kijimini kijip , jyzini jujup , sirtqa tʃiqti .]
（他起来穿了衣服、洗了脸就出去了。）

[-p]« پ - » **副动词的否定式：**

动词词干+ [-maj][-mɛj]« مەي - // ماي - »构成，如：

[jaz+maj = jazmaj]　　ياز+ ماي= يازماي

[kør+mɛj = kørmɛj]　　كۆر+ مەي =كۆرمەي

[iʃlɛ+mɛj = iʃlimɛj]　　ئىشلە+مەي = ئىشلىمەي

（您别急慢慢说。）　　سىز ئالدىرىماي سۆزلەڭ .
[siz aldirimaj søzlɛŋ.]

（他不停地说了。）　　ئۇ توختىماي سۆزلىدى .
[u toχtimaj søzlidi.]

三、体助动词

维吾尔语有一部分助动词与副动词结合时，会全部或部分失去原来的词汇意义，给副动词所指的动作增添某种附加意义，这种助动词叫做体助动词。常用的体助动词有：

[ɛt -][bɛr-][al -][ʧiq -][jyr-][tur-][bol -][kør-][baq -][bar-][sal-]
[øt -] [qoj -][qal -][kɛt -][- kɛl]

« ئەت ـ //بەر ـ // ئال ـ // چىق ـ // يۈر ـ // تۇر ـ // بول ـ // كۆر ـ //
باق ـ // بار ـ //سال ـ // ئۆت ـ // قوي ـ // قال ـ //كەت ـ //كەل ـ »

① 体助动词 [qal-] « قال ـ »

体助动词 [qal-]« قال ـ » 与 [-p]« پ ـ » 副动词结合，使 [-p]« پ ـ » 副动词所指动作的出现具有突然、意外等色彩，如：

（我在街上忽然看见了他。）　مەن ئۇنى بازاردا كۆرۈپ قالدىم .
[mɛn uni bazarda køryp qaldim.]

（我无意中听见了他说的话。）　ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم .
[uniŋ gepini aŋlap qaldim.]

②体助动词 [bol-] « بول ـ »

体助动词 [bol-]« بول ـ »与 [-p]« پ ـ » 副动词结合，表示 [-p]« پ ـ » 副动词所指动作涉及有关事物的整体，如：

（我的文章您看完了吗？）　ماقالەمنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ ؟
[maqalɛmni køryp boldiŋizmu ?]

（是的，我看完了。）　ھەئە، كۆرۈپ بولدۇم .
[[hɛɛ , køryp boldum .]

③体助动词 [baq-]« باق ـ »

体助动词 [baq-]« باق ـ » 与 [-p]« پ ـ » 副动词结合，表示主体尝试着做[-p]« پ ـ » 副动词所指动作，如：

بۇ سوئالنى مۇئەللىمدىن سوراپ بېقىڭ. （这个问题你问一问老师吧。）
[bu soalni muɛllimdin sorap beqiŋ.]

بۇ ماگىزىنغا كىرىپ باقايلى . （我们进去看一看这个商场吧。）
[bu magizinʁa kirip baqajli .]

④体助动词 [kør-]« كۆر ـ »

体助动词 [kør-] « كۆر ـ »与 [-p]« پ ـ » 副动词结合时，和 [baq-]« باق ـ »一样表示主体尝试着做[-p]« پ ـ » 副动词所指动作，但[kør-]« كۆر ـ »的使用频率比 [baq-]« باق ـ »要低一些，如：

مەن بۇ كىيىمنى كىيىپ كۆردۈم . （这件衣服我试穿了一下。）
[mɛn bu kijimni kijip kørdym .]

بۇنداق تاماقنى يەپ كۆرگەنمۇ ؟ （吃过这种饭吗？）
[bundaq tamaqni jɛp kørgɛnmu ？]

34.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按 [-p]« پ ـ » 副动词的肯定形式加以变化。

تەلەپ قىل ـ	ئولتۇر ـ	بوشاش ـ	ئوينا ـ	چوڭقۇرلا ـ
تىرىش ـ	ئوقۇ ـ	كەل ـ	يە ـ	ئۇخلا ـ
يۇگۈر ـ	خاتىرە قالدۇر ـ	بار ـ	ئۆگەن ـ	بەر ـ
ياز ـ	دەرستىن چۈش ـ	ئال ـ	ماڭ ـ	قايت ـ

3）将下列动词按 [-p]« پ ـ » 副动词的否定形式加以变化。

ياز ـ　　قېتىرقان ـ　　ئال ـ　　ماڭ ـ　　قايت ـ

كۆر ـ　　يات ـ　　كەت ـ　　تۇر ـ　　ئارام ئال ـ

كۆڭۈل قوي ـ　　يۈز بەر ـ　　ئېلىپ بار ـ　　ئىشلە ـ　　ئۆس ـ

دە ـ　　قاتناش ـ　　تەكرارلا ـ　　قىزىق ـ　　قارشى ئال ـ

4）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的 [-p]« پ ـ » 副动词肯定或否定形式填空。

(1) قىش كەل ـ[ ]، قار يېغىشقا باشلىدى.

(2) مەن سىنىپقا كىر ـ[ ]، كىتابىمنى ئال ـ[ ]، سىرتقا چىقتىم.

(3) ئالىم ئاغرىپ قال ـ[ ]، دەرسكە كەلمىدى.

(4) ئۇ تىرىشىپ ئۆگەن ـ[ ]، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

(5) مەن پولو يە ـ[ ]، سامسا يەيمەن.

(6) ئۇلار سىنىپقا بار ـ[ ]، كىتاب ئوقۇدى.

3）用适当的体助动词填空。

(1) ئۇ مېنى بازاردا كۆرۈپ[ ].

(2) سىز ماقالىنى يېزىپ[ ].

(3) مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ[ ].

(4) بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سوراپ[ ].

(5) بىز بۇ ماگىزىنغا كىرىپ[ ].

(6) مەن بۇ كىيىمنى كىيىپ[ ].

4）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 昨天我们上街买了衣服。

(2) 你坐着说吧。

(3) 你慢慢写。

(4) 他们下了课就回家去了。

(5) 这本书特别好，你看一看。

(6) 你做完作业了吗？

5）结合课文回答下列问题。

(1) تىل ئۆگىنىشتە قانداق ئىرادە بولۇشى كېرەك ؟

(2) ئاساسىي بىلىملەرنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك ؟

(3) تىل ئۆگىنىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ؟

(4) مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىگىلىيەلەيمىز ؟

(5) دەرس ۋاقتىدا چۈشەنمىگەن جايلارنى قانداق قىلىش كېرەك ؟

(6) كۆنۈكمە ، تېكىستلەرنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك ؟

(7) تىل ئۆگىنىشتە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ؟

第 35 课 ئوتتۇز بەشىنچى دەرس

35.1 课文 تېكىست

班会通知 سىنىپ يىغىنى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

مۇئەللىم : بىز ئەتە كەچ سائەت يەتتىدە سىنىپ يىغىنى ئاچماقچى ، ھەممىڭلار تولۇق قاتنىشىڭلار. بۇ ناھايىتى مۇھىم يىغىن . يىغىندا بىرىنچىدىن ، مەن سىنىپىمىزنىڭ بۇ بىر مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلماقچى . ئىككىنچىدىن ، كېلەر مەۋسۇملۇق ئوقۇتۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇزاكىرىگە سالماقچى . سىلەر ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قارىتا تەلەپ پىكىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار . ئۈچىنچىدىن ، تەتىلدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ قويماقچى . يىغىنغا كېچىكىپ قالماڭلار . ياتاققا قايتىپ بېرىپ ، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇش قىلىڭ .

سىنىپ باشلىقى: ماقۇل ، بولىدۇ .

مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراش 跟老师请假

پاتىمە : مەن ئەتە دوختۇرخانىغا بارماقچى . مۇئەللىم ، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ .

مۇئەللىم : نېمە بولدىڭىز ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ ؟

پاتىمە : ھەئە ، بەك بىئارام بولىۋاتىمەن . بىر ھەپتىدەك بولدى ، دائىم كېچىسى تەرلەپ چىقىمەن . قىزىتمام بىر ئاز ئۆرلەپ قالدۇ . تولا ئۇسسايمەن . كۆپ يۆتىلىمەن . يۆتەلگەندە ئوڭ دۈمبەم بىلەن كۆكرىكىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ . پۇت قولۇمنىڭ پەقەت جېنى يوق . ھېچبىر ئىش خوشياقمايدۇ . ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ ، يۈرىكىم سىقىلىدۇ .

مۇئەللىم : ئۇنداق بولسا ، سوغۇق تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ . كېسەلگە سەل قارىماي ۋاقتىدا دوختۇرغا بېرىڭ . دوختۇر بەرگەن دورىلارنى ۋاقتىدا يەپ ، ئوكۇللارنى ۋاقتىدا سالدۇرۇڭ . يەنە ئوزۇقلۇققا ۋە كىيىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ .

پاتىمە : مۇئەللىم ، رەھمەت سىزگە !

سىنىپ يىغىنى 班会

مۇئەللىم : ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بۇ مەۋسۇمدا ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش كەيپىياتى خېلى يۇقىرى بولدى . كۆپ

سانلىق ساۋاقداشلار ئۆگىنىشكە كۆپ ئەجىر قىلىپ ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى . مەسىلەن لى شا ، ما يەن قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ھەممە پەنلەردىكى نەتىد-جىسى توقساندىن چۈشمىدى. ئەمما سىنىپىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى . بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ياخشى ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك . ئۆگىنىش ئۇسۇلىمىزدا مەسىلە بارمۇ ياكى ئۆگىنىش پوزىتسىيمىزدە مە-سىلە بارمۇ ؟ مېنىڭچە ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن باشقا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىمۇ بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولدى. بەزى ئۆگىنىشى ناچار ساۋاقداشلاردا دەرسكە كېچىكىش ، دەرسكە سەۋەبسىز كەلمەسلىك ، تاپ-شۇرۇقنى ئەستايىدىل ئىشلىمەسلىك ئەھۋاللىرى خېلى ئېغىر بولدى . ئوقۇغۇچى دېگەننىڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىش . ھەر ۋاقىت ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك . كېلەر مەۋسۇمدا يۇقىرىدىكى مە-سىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ...

يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن تەتىل بولىدۇ . تەتىلدە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار . مەكتەپكە ۋاقتىدا قايتىپ كېلىڭلار ...

ئوقۇغۇچىلار: بولىدۇ .

35.2 词语 سۆز ـ ئىبارىلەر

开；打开；开发	动	[atʃ-]	ئاچ ـ
主要的	形	[asasliq]	ئاساسلىق
①疼；疼痛②生病	动	[aʁri-]	ئاغرى ـ
生病		[aʁrip qal-]	ئاغرىپ قال ـ
付出劳动；付出心血		[ɛʤir qil-]	ئەجىر قىل ـ
优良；优秀；优异	形	[ɛla]	ئەلا
情况；情形；状况；境地	名	[ɛhwal]	ئەھۋال
不安；烦躁		[biaram bol-]	بىئارام بول ـ
安全；保险	名	[biχɛtɛrlik]	بىخەتەرلىك
①一点儿；一丁点儿②稍许；稍微	形	[biraz]	بىرئاز
一部分		[bir qisim]	بىر قىسىم
态度；看法	名	[pozitsijɛ]	پوزىتسىيە
计划；打算	名	[pilan]	پىلان
出汗；发汗		[tɛrlɛp tʃiq-]	تەرلەپ چىق ـ
要求；请求	名	[tɛlɛp]	تەلەپ
①多②很；十分；非常③常常	副\形	[tola]	تولا
①满的；满满的②完全的；完整的；全部的	形	[toluq]	تولۇق
着急；焦急		[tit-tit bol-]	تىت ـ تىت بول ـ
①下；落；降落；坠落②下；下降；降低	动	[tʃyʃ-]	چۈش ـ

脊背；背	名	[dymbɛ]	دۈمبە
准许；准假		[ruχsɛt bɛr-]	رۇخسەت بەر -
忽略；忽视；不重视；轻视		[sɛl qara-]	سەل قارا -
原因；缘故	名	[sɛwɛp]*	سەۋەب
无故；无理由；无缘无故	形	[sɛwɛpsiz]*	سەۋەبسىز
着凉；受凉		[soʁuq tegip qal-]	سوغۇق تېگىپ قال -
憋气；憋闷	动	[siqil-]*	سىقىل -
对；针对	后	[qarita]	قارىتا
回来；归来；返回		[qajtip kɛl-]	قايتىپ كەل -
体温；高烧	名	[qizitma]	قىزىتما
不来		[kɛlmɛslik]	كەلمەسلىك
①气氛；气象；风气 ②情绪；心情	名	[kɛjpijat]	كەيپىيات
多数		[køp salliq]*	كۆپ سانلىق
胸；胸膛；胸脯	名	[køkrɛk]	كۆكرەك
夜；夜晚	名	[ketʃɛ]	كېچە
迟到		[ketʃikip qal-]	كېچىكىپ قال -
①病；疾病；病症②病人 ③有病的	形\名	[kesɛl]	كېسەل
穿衣服	动名	[kijiniʃ]	كىيىنىش
例如；比如		[mɛsilɛn]	مەسىلەن
问题	名	[mɛsilɛ]	مەسىلە
学期的	形	[mɛwsumluq]	مەۋسۇملۇق

讨论		[muzakirigɛ sal-]	مۇزاكىرىگە سال-
低劣的；不好的；不良的	形	[natʃar]	ناچار
随时		[hɛr waqit]	ھەر ۋاقىت
①任何；什么(用于否定) ②怎么这么③根本	代	[heʃbir]*	ھېچبىر
提出		[otturiʁa qoj-]	ئوتتۇرىغا قوي-
①像；相同②好象；似乎	动	[oχʃa-]	ئوخشا-
①有养分的；营养的；营养丰富的②营养	形	[ozuqluq]	ئوزۇقلۇق
教学	名	[oqutuʃ]	ئوقۇتۇش
让打针		[okul saldur-]	ئوكۇل سالدۇر-
右	形	[oŋ]	ئوڭ
总之；一般；总的来说		[omumɛn ejtqanda]	ئومۇمەن ئېيتقاندا
想一想看		[ojlinip kør-]	ئويلىنىپ كۆر-
通知		[ɣχturuʃ qil-]*	ئۇقتۇرۇش قىل-
渴	动	[ɣssa-]*	ئۇسسا-
上升；上涨	动	[ørlɛ-]	ئۆرلە-
希望；期待；期望		[ymyt qil-]*	ئۈمىد قىل-
①任务②职务	名	[wɛzipɛ]	ۋەزىپە
①重②严重	形	[eʁir]	ئېغىر
讲一下；说一下		[ejtip qoj-]	ئېيتىپ قوي-

①内；里②心里；心胸	名 [itʃ]	ئىچ
或者；或许	连 [jaki]	ياكى
①高的；上的；上面的 ②上；上面；上边；上级	形\名 [juqiri]	يۇقىرى
上边的；上面的；以上的	形 [juqiridiki]	يۇقىرىدىكى
咳嗽	动 [jøtɛl-]	يۆتەل ـ
心；心脏	名 [jyrɛk]	يۈرەك
会；会议	名 [jiʁin]	يىغىن

35. 3　语法要点

一、目的动词

目的动词是动词的非变位形式之一。由 [-maq]« ماق ـ »动名词结合附加成分 [-tʃi]« چى ـ »构成，表示主体打算或准备进行的动作，如：

ئۇ بۇ يىل بېيجىڭغا كەلمەكچى .
[u bu jil bejʤiŋʁa kɛlmɛktʃi.]
（他今年打算到北京来。）

بىز ئەتە بازارغا بارماقچى .
[biz ɛtɛ bazarʁa barmaqtʃi.]
（我们明天准备上街。）

目的动词没有否定形式，它的否定意义通过与 [ɛmɛs] « ئەمەس »结合（连用）表示，如：

ئۇ بېيجىڭغا كەلمەكچى ئەمەس .
[u bejʤiŋʁa kɛlmɛktʃi ɛmɛs .]
（他不打算来北京。）

بىز ئەتە بازارغا بارماقچى ئەمەس.
（我们明天不打算

上街。）　[biz ɛtɛ bazarʁa barmaqʧi ɛmɛs .]

目的动词后附加语气词 [mu]« مۇ »可以构成其疑问形式，如：

（他现在准备去宿舍吗？）　ئۇ ھازىر ياتاققا بارماقچىمۇ؟

[u hazir jataqqa barmaqʧimu ？]

（您想把这本书给我吗？）　سىز بۇ كىتابنى ماڭا بەرمەكچىمۇ؟

[siz bu kitapni maŋa bɛrmɛkʧimu ？]

二、形容词

维吾尔语的形容词根据其意义和语法特征可以分为关系形容词和性质形容词两种。

(1)关系形容词

关系形容词表示事物与时间、空间、动作、抽象概念等的关系，是由名词、动词、副词等派生出来的。关系形容词所表示的特征相对稳定，不能够用语法手段增强或减弱其意义。

（我不做没有计划的事情。）　مەن پىلانسىز ئىش قىلمايمەن.

[mɛn pilansiz iʃ qilmajmɛn.]

（他是个非常爱哭的孩子。）　ئۇ بەك يىغلاڭغۇ بالا.

[u bɛk jiʁlaŋʁu bala.]

(2)性质形容词

性质形容词表示的特征可以有程度上的差异，这种差别用级来表示。维吾尔语的大部分性质形容词都有形容词级的变化。

①原级

形容词的原形就是形容词的原级。它是形容词的无变化形式

即形容词构成其它级的基础形式，如：

（他是个非常好的人。）　　ئۇ بەك ياخشى ئادەم .
[u bɛk jaχʃi adɛm.]

（我买了本新书。）　　مەن يېڭى كىتاب ئالدىم .
[mɛn jeŋi kitap aldim.]

②减弱级

表示事物本身性质的减弱。原级形容词结合附加成分[-raq][-rɛk]« ـ راق // ـ رەك »构成，如：

（给我一个红一点儿的苹果。）　　ماڭا قىزىلراق ئالمىدىن بىرنى بېرىڭ .
[maŋa qizilraq almidin birni beriŋ.]

（您多吃一点饭。）　　تاماقنى كۆپرەك يەڭ .
[tamaqni køprɛk jɛŋ.]

③增强级

表示性质特征的程度比原级强。在形容词原级第一个音节中的元音后附加 [p]« پ »，然后再连写整个形容词，就可以构成形容词的增强级。如：

汉语	增强级		原级
很新的	[je+p+jeŋi=jepjeŋi]	يې + پ + يېڭى = يېپيېڭى	[jeŋi] يېڭى
白白的	[a+p+aq=appaq]	ئا+ پ + ئاق = ئاپئاق	[aq] ئاق

有些形容词增强级形式特殊，需单独熟记，如：

（绿的□绿油油的）　[jeʃil→japjeʃil]　« يېشىل ← ياپيېشىل »

（干净□干干净净的）　[pakiz→pakpakiz]　«پاكىز ← پاكپاكىز»

形容词增强级的构成具有局限性，一般只有一部分性质形容词才具有增强级。

④指小表爱级

表示说话者对事物性质特征具有一种喜爱的感情。形容词后附加 « ـغىنا// ـقىنا // ـگىنە// ـكىنە » [_ ʁina] [_ qina] [_ ginɛ] [_ kinɛ]附加成分构成：

附加成分	附加方法	例词	
ـغىنا [_ ʁina]	附加在后元音音节后	附加在以元音或浊辅音结尾的词后	چاقچان+غىنا=چاققانغىنا [ʧaqqan+ʁina=ʧaqqanʁina] （小巧玲珑的）
ـقىنا [_ qina]		附加在以清辅音结尾的词后	ئوماق + قىنا = ئوماققىنا [omaq+qina=omaqqina] （可爱的）
ـگىنە [_ ginɛ]	附加在前元音音节后	附加在以元音或浊辅音结尾的词后	سېمىز+گىنە=سېمىزگىنە [semiz+ginɛ=semizginɛ] （胖乎乎的）
ـكىنە [_ kinɛ]		附加在以清辅音结尾的词后	كىچىك+كىنە = كىچىككىنە [kiʧik+kinɛ=kiʧikkinɛ] （小小的）

与形容词增强级一样，表爱级的构成也带有很大的局限性，只有一部分性质形容词才具有表爱级形式。

35.4 练习 كۆنۈكمە

一、口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列性质形容词按减弱级、增强级、表爱级形式加以变化。

قىزىل قىسقا سېمىز ياخشى چىرايلىق

قارا ئېگىز ئەگرى كونا چوڭ

ئاق پاكىز كىچىك سېرىق نېپىز

يېشىل تۈز يېڭى ئوماق ئۈزۈن

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的目的动词形式填空。

(1) مەن بۇ يىل بېيجىڭغا بار- [ ] .

(2) بىز ئەتە بازارغا چىق- [ ] .

(3) سىز بۈگۈن كىنو كۆر- [ ]؟

(4) مۇرات بۈگۈن چۈشتە پولو يە- [ ] .

(5) كەچتە مۇئەللىم بىزگە سىنىپ يىغىنى ئاچ- [ ] بولۇۋاتىدۇ .

(6) يەكشەنبە كۈنى بىللە تاماق يە- [ ] بولدۇق .

3）用适当的性质形容词减弱级、增强级、表爱级形式填空。

(1) بۇ ئۆي ئۇ ئۆيدىن چوڭ [ ] .

(2) ئانارگۈل مەندىن ئېگىز [ ] .

(3) ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ، چاينى كۆپ [ ] ئىچىڭلار .

(4) خەتنى چىرايلىق [ ] يېزىڭلار .

(5) چۈشتە ياخشى [ ] تاماق يەڭ .

(6) ماڭا قىزىل [ ] ئالمىدىن بىرنى بېرىڭ .

4）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 我们明天打算去公园。

(2) 你们打算学汉语吗？

(3) 我准备回家。

(4) 今天晚上你们打算干什么？

(5) 我打算买大一点的房子。

(6) 他的个子比我高点儿。

5）结合课文回答下列问题。

(1) مۇئەللىم ئەتە كەچتە نېمە قىلماقچى ؟

(2) بۇ قانداق يىغىن ؟

(3) مۇئەللىم يىغىندا نېمە قىلماقچى ؟

(4) پاتىمە يىغىنغا نېمە ئۈچۈن قاتنىشالمىدى ؟

(5) مۇئەللىم يىغىندا ئوقۇغۇچىلارغا نېمە دېدى ؟

(6) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى قانداق ؟

(7) كېلەر مەۋسۇمدا ئوقۇغۇچىلار نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك ؟

第 36 课　ئوتتۇز ئالتىنچى دەرس

36.1 课文　تېكىست

我的母校　مېنىڭ ئانا مەكتىپىم

بامبۇكزارلىق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ بىرئاز ماڭسىڭىز، يولنىڭ غەربىدىكى كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك بىر چوڭ دەرۋازىنى كۆرىسىز. مانا بۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم — مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى.

دەرۋازىدىن كىرىشىڭىز بىلەن قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە مەركىزىي ئوقۇتۇش بىناسىنى كۆرىسىز. سىز تۈپتۈز ئاسفالت يوللار ۋە رەت-رەت قارىغاي، ياپيېشىل چىملىقلارنى كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنى باغچىدا سەيلە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.

مەكتەپنىڭ مەركىزىدە ھەيۋەتلىك بىر چوڭ زال قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ چوڭ زالدا دائىم چوڭ يىغىن ۋە ھەرخىل ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. چوڭ زالنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا بار. بۇ مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىشخانا بىناسى. چوڭ زالنىڭ ئالدى-كەينىدە قاتار-قاتار ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانا بىنالىرى بىلەن ئوقۇتۇش بىنالىرى بار. چوڭ زالنىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىر چوڭ

تەنھەرىكەت مەيدانى، شىمال تەرىپىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق بىناسى، مەكتەپ دوختۇرخانىسى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى قاتارلىقلار بار. غەربىي تەرىپىدە كۇتۇپخانا بار. مەكتەپنىڭ كەينى ئىشىكىدىن ئۆتۈپ غەربكە مىڭ مېتىرچە ماڭسىڭىز، ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارىسىز. بۇ قورۇدا چوڭ-كىچىك ئائىلىلىكلەر بىنالىرىدىن ئون نەچچىسى بار. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى چېتىدە مەكتەپكە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپمۇ بار. ئۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدۇ.

مېنىڭ ئانا مەكتىپىم ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈردى. ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ قوينىدا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن ھەم ئۇنى چىن قەلبىمدىن چوڭقۇر سۆيىمەن.

36.2 词语 سۆز-ئىبارىلەر

少数民族地区		[assanliq millɛt rajonliri]*	ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى
沥青路；柏油路		[aspalit jol]*	ئاسفالت يول
前；前面；前边	名	[aldi]*	ئالد (ى)
前后		[aldi-kɛjnidɛ]	ئالدى-كەينىدە

集体的；群众性的	形	[ammiwi]	ئاممىۋى
家属院		[aililiklɛr qorusi]	ئائىلىلىكلەر قورۇسى
竹林	名	[bambukzarliq]	بامبۇكزارلىق
沿着；顺着	动	[bojla-]	بويلا -
以……自豪；感到自豪；感到荣幸	动	[pɛχirlɛn-]	پەخىرلەن -
①站；立②住；居住	动	[tur-]	تۇر-
①平坦的；笔直的②直	形	[typtyz]	تۈپتۈز
大操场；大体育场		[ʧoŋ tɛnhɛrikɛt mɛjdani]	چوڭ تەنھەرىكەت مەيدانى
大门		[ʧoŋ dɛrwaza]	چوڭ دەرۋازا
大礼堂		[ʧoŋ zal]	چوڭ زال
大小		[ʧoŋ-kiʧik]*	چوڭ - كىچىك
大会		[ʧoŋ jiʁin]	چوڭ يىغىن
草坪	名	[ʧimliq]	چىملىق
发自内心地；由衷地		[ʧin qɛlbimdin]	چىن قەلبىمدىن
一排排		[rɛt-rɛt]	رەت - رەت
游玩；游逛；散步		[sɛjlɛ qil-]	سەيلە قىل -
①吻；亲嘴②爱	动	[søj-]	سۆي -
东边		[ʃɛrq tɛrɛp]	شەرق تەرەپ
在北边		[ʃimal tɛripidɛ]	شىمال تەرىپىدە
往北；朝着北方		[ʃimalʁa qarap]	شىمالغا قاراپ
西；西边	名	[ʁɛrip]*	غەرب

一行行；一排排；一幢幢		[qatar-qatar]	قاتار ـ قاتار
耸立着		[qɛt køtyryp tur-]*	قەد كۆتۈرۈپ تۇر ـ
稠密的；浓的；浓厚的；浓密的	形	[qojuq]	قويۇق
后门		[kɛjni iʃik]*	كەينى ئىشىك
往往；常常	副	[køpintʃɛ]	كۆپىنچە
许多年以来		[køp jillardin beri]	كۆپ يىللاردىن بېرى
美丽的；漂亮的；壮丽的	形	[kørkɛm]	كۆركەم
一进去		[kiriʃiŋiz bilɛn]	كىرىشىڭىز بىلەن
校医院		[mɛktɛp doχturχanisi]	مەكتەپ دوختۇرخانىسى
学校所属；归属学校的		[mɛktɛpkɛ qaraʃliq]	مەكتەپكە قاراشلىق
国家	名	[mɛmlikɛt]	مەملىكەت
行政人员		[mɛmuri χadim]*	مەمۇرىي خادىم
一千米左右		[miŋ metirtʃɛ]	مىڭ مېتىرچە
民族特色		[milli tys]*	مىللىي تۈس
许多；无数；很多的；大量的	形	[nurʁunliʁan]	نۇرغۇنلىغان
各族学生		[hɛr millɛt oquʁutʃiliri]	ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى
雄伟的；庄严的；富丽堂皇的	形	[hɛjwɛtlik]	ھەيۋەتلىك

教学楼		[oqutuʃ binasi]	ئوقۇتۇش بىناسى
学生食堂		[oquʁutʃilar aʃχanisi]	ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى
具有悠久历史		[uzun jilliq tariχqa igɛ]	ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە
①团结②团③同盟；联盟	名\形	[i̥ttipaq]*	ئىتتىپاق
高技能人才；高级人才		[i̥χtisasliq χadim]*	ئىختىساسلىق خادىم
办公楼		[i̥ʃχana binasi]*	ئىشخانا بىناسى
在两旁；在两边		[i̥kki tʃetidɛ]*	ئىككى چېتىدە
具有；拥有		[igɛ bol-]	ئىگە بول-
碧绿的；绿油油的	形	[japjeʃi̥l]	ياپيېشىل
培养	使动	[jeti̥ʃtyr-]*	يېتىشتۈر-

36. 3　词语用法说明

[qarap] قاراپ

(1)[qarap] قاراپ 是动词[qara-]« قارا- » 的副动词形式，如：
（他朝着我笑了。）　ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى .
[u maŋa qarap kyldi.]

(2)做后置词表示以下意义：
①与带有向格的名词连用，明确指出行为动作的趋向，如：
（他向黑板走去了。）　ئۇ دوسكىغا قاراپ ماڭدى .
[u doskiʁa qarap maŋdi.]

بىز ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق .

[biz yrymtʃidin bejdʒiŋʁa qarap jolʁa tʃiqtuq .]

（我们从乌鲁木齐往北京出发了。）

②与带有向格的名词连用，表示做某种事情的依据，如：

ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىل .

[ɛhwalʁa qarap iʃ qil.]

（你看情况办吧。）

بىز ئۇنىڭ كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە قاراپ ، بىر ئىش قىلايلى .

[biz uniŋ keliʃ - kɛlmɛslikigɛ qarap , bir iʃ qilajli.]

（我们先看他来不来再说吧。）

36.4 语音语法要点

一、合成词或对偶词中[ɑ]« ئا »音的读法

如果[ɑ]« ئا »音出现在合成词地名或对偶词的前一部分的末尾时，要读成[i]« ئى »，书面形式不变，如：

汉语	口语	书面语	
（黑色）	[qarirɛŋ]	[qara rɛŋ]	قارا رەڭ
（榆树）	[qarijaʁatʃ]	[qara jaʁatʃ]	قارا ياغاچ
（分别）	[baʃqibaʃqa]	[baʃqa-baʃqa]	باشقا ـ باشقا

二、动词条件式

动词条件式表示说话者认为做谓语的动词所指动作是假设、虚拟的事实。动词条件式由动词词干结合以下附加成分构成：

人称		数	附加成分	附加方法	例词
第一人称		单数	- سام [-sam]	附加在后元音音节后	ئوقۇ+سام=ئوقۇسام [oqu+sam=oqusam]
			- سەم [-sɛm]	附加在前元音音节后	كۆر+سەم=كۆرسەم [kør+sɛm=kørsɛm]
		复数	- ساق [-saq]	附加在后元音音节后	ئوقۇ+ساق=ئوقۇساق [oqu+saq=oqusaq]
			- سەك [-sɛk]	附加在前元音音节后	كۆر+سەك=كۆرسەك [kør+sɛk=kørsɛk]
第二人称	普称	单数	- ساڭ [-saŋ]	附加在后元音音节后	ئوقۇ+ساڭ=ئوقۇساڭ [oqu+saŋ=oqusaŋ]
			- سەڭ [-sɛŋ]	附加在前元音音节后	كۆر+سەڭ=كۆرسەڭ [kør+sɛŋ=kørsɛŋ]
	尊称	单数	- سىڭىز [-siŋiz]		كۆر+سىڭىز=كۆرسىڭىز [kør+siŋiz=kørsiŋiz]
	复数		- ساڭلار [-saŋlar]	附加在后元音音节后	ئوقۇ+ساڭلار=ئوقۇساڭلار [oqu+saŋlar=oqusaŋlar]
			- سەڭلار [-sɛŋlar]	附加在前元音音节后	كۆر+سەڭلار=كۆرسەڭلار [kør+sɛŋlar=kørsɛŋlar]
第三人称	单数、复数		- سا [-sa]	附加在后元音音节后	ئوقۇ+سا=ئوقۇسا [oqu+sa=oqusa]
			- سە [-sɛ]	附加在前元音音节后	كۆر+سە=كۆرسە [kør+sɛ=kørsɛ]

تىرىشساڭ ئالغا باسىسەن .　（你只要努力，就会进步。）

[tiriʃsaŋ alʁa basisɛn.]

（下雨就好了。） يامغۇر ياغسا، ياخشى بولاتتى .
[jamʁur jaʁsa, jaχʃi bolatti .]

动词条件式的否定形式在动词词干上先加否定附加成分[ma][mɛ]« ما // مە »，然后再加动词条件式人称附加成分构成，如：

[oqu+ma+sam=oqumisam] ئوقۇ+ما +سام =ئوقۇمىسام
[kør+mɛ+sɛm=kørmisɛm] كۆر+مە+ سەم =كۆرمىسەم
[oqu+ma+saq=oqumisaq] ئوقۇ+ما +ساق =ئوقۇمىساق
[kør+mɛ+sɛk=kørmisɛk] كۆر+مە +سەك =كۆرمىسەك
[oqu+ma+saŋ=oqumisaŋ] ئوقۇ+ما+ساڭ=ئوقۇمىساڭ
[kør+mɛ+sɛŋ=kørmisɛŋ] كۆر+مە+سەڭ=كۆرمىسەڭ
[kør+mɛ+siŋiz=kørmisiŋiz] كۆر+مە+سىڭىز=كۆرمىسىڭىز
[oqu+ma+saŋlar=oqumisaŋlar] ئوقۇ+ما+ساڭلار=ئوقۇمىساڭلار
[kør+mɛ+sɛŋlar=kørmisɛŋlar] كۆر+مە+سەڭلار=كۆرمىسەڭلار
[oqu+ma+sa=oqumisa] ئوقۇ+ما+سا=ئوقۇمىسا
[kør+mɛ+sɛ=kørmisɛ] كۆر+مە+سە=كۆرمىسە

（明天若不下雨，我们就去八达岭。） ئەتە يامغۇر ياغمىسا، بادالىڭغا بارىمىز .
[ɛtɛ jamʁur jaʁmisa badaliŋʁa barimiz.]
（若要人不知，除非己莫为。） ئەگەر كىشىلەر بىلمىسۇن دېسەڭ، بۇ ئىشنى قىلما .
[ɛgɛr kiʃilɛr bilmisun desɛŋ, bu iʃni qilma.]

三、名词的量似格

名词的量似格表示同某事物或动作、特征，在数量、程度等

方面相似的事物。名词词干后附加[-tʃilik] [-tʃɛ]« ـ چىلىك // ـ چە » 附加成分构成，如：

سىز خەنزۇچىنى ماھىرەچىلىك （ ماھىرەچە ） يازالامسىز ؟

[siz χɛnzutʃini mahirɛtʃilik（mahirɛtʃɛ）jazalamsiz?]

（您的汉文能写得像玛依拉那么好吗？）

ئۇ كىشىنىڭ يېشىمۇ سىزنىڭ يېشىڭىزچىلىك （ يېشىڭىزچە ） بار .

[u kiʃiniŋ jeʃimu sizniŋ jeʃiŋiztʃilik（jeʃiŋiztʃɛ）bar .]

（那个人的年龄也有您这么大。）

سېنىڭ بويۇڭچىلىك （ بويۇڭچە ） بويى بار ئادەم ئىنتايىن ئاز .

[seniŋ bojuŋtʃilik（bojuŋtʃɛ）boji bar adɛm intajin az.]

（有像你这样身材的人少见。）

مېنىڭ كىتابىم سىزنىڭ كىتابىڭىزچىلىك كۆپ ئەمەس .

[meniŋ kitiwim sizniŋ kitiwiŋiztʃilik køp ɛmɛs.]

（我的书没有您的多。）

36. 5　练习　كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按动词条件式肯定形式加以变化。

پارقىرا ـ　ئوقۇ ـ　كەل ـ　يە ـ　ئۇخلا ـ

يۇگۈر ـ　بويلا ـ　بار ـ　ئۆگەن ـ　بەر ـ

ياز ـ　چىق ـ　ئال ـ　ماڭ ـ　قايت ـ

كۆر ـ　قايت ـ　كەت ـ　تۇر ـ　ئارام ئال ـ

3）将下列动词按动词条件式否定形式加以变化。

سەيلە قىل-　　ئوقۇ-　　كەل-　　يە-　　ئۇخلا-

يۈگۈر-　　سۆي-　　بار-　　ئۆگەن-　　بەر-

ياز-　　ئىگە بول-　　ئال-　　ماڭ-

4）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的动词条件式形式填空。

(1) ئۇ بار-[　　　] مەنمۇ بارىمەن.

(2) ئاتا-ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىما-[　　　] قانداق بولىدۇ؟

(3) سىز شەرق تەرەپكە قارا-[　　　] چوڭ بىر بىنانى كۆرىسىز.

(4) پىكىرىڭلار بول-[　　　] ماڭا ئېيتىڭلار.

(5) پۇلۇڭ يوق بول-[　　　] مەن بېرەي.

(6) ئۇلار كىتاب كۆر-[　　　] بىزمۇ كۆرەيلى.

3）用适当的名词量似格形式填空。

(1) ئۇيغۇرچىنى سىز[　　　] سۆزلىيەلىسەم ياخشى ئىدى.

(2) بىزنىڭ مەكتەپ مۇشۇ مەكتەپ[　　　] بار.

(3) سىز خەنزۇچىنى ماھىر[　　　] يازالامسىز؟

(4) ئۇ كىشىنىڭ يېشىمۇ سىزنىڭ يېشىڭىز[　　　] بار.

(5) سېنىڭ بويۇڭ[　　　] بويى بار ئادەم ئىنتايىن ئاز.

(6) مېنىڭ كىتابىم سىزنىڭ كىتابىڭىز[　　　] كۆپ ئەمەس.

4）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 你走了，我怎么办？

(2) 假如你们不来，我们就不去。

(3) 给我们唱首歌吧。

(4) 这个人的年龄也有你这么大。

(5) 有像你这样身材的人少见。

(6) 我的房子有你的这么大。

5）结合课文回答下列问题。

(1) مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بېيجىڭنىڭ قايسى تەرىپىگە جايلاشقان ؟

(2) دەرۋازىدىن كىرىشىڭىز بىلەنلا نېمىنى كۆرىسىز ؟

(3) مەكتەپنىڭ مەركىزىدە نېمە بار ؟

(4) چوڭ زالنىڭ شەرقىي تەرىپىدە قايسى بىنا بار ؟

(5) چوڭ زالنىڭ شىمالىي ، غەربىي تەرەپلىرىدىچۇ ؟

(6) مەكتەپنىڭ دوختۇرخانىسى نەدە ؟

第 37 课　ئوتتۇز يەتتىنچى دەرس

37.1 课文　تېكىست

我的父亲　مېنىڭ دادام

مېنىڭ دادام ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى . ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ، زېھنى ئۆتكۈر ھەم قابىلىيەتلىك ئادەم . ئۇنىڭدىكى ئېسىل خىسلەتلەر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇنىڭدا قىلـ ـچە غەلىتە مىجەز يوق . ئۇ مەيلى يەكشەنبە ، مەيلى بايرام كۈنـ ـلىرى بولسۇن بەزى دادىلاردەك بولۇشىغا ئىچىپ ، مەست بولۇپ كوچىلاردا يېتىۋالمايدۇ . دادامنىڭ گاھى ـ گاھىدا بەزى ئىشلارغا چېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرىمەن ، مۇنداق چاغلاردا تاماكا چېكىۋالمايدۇ. ئەكسىچە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدۇ . ئىچى پۇشقاندا كىتاب كۆرۈش ئادىتىنى مەن ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن .

ئۇ ھەر قېتىم مائاش ئالغاندا مېنى بازارغا ئاپىرىپ ، ساتىراشخانىدا چېچىمنى ئالدۇرىدۇ . ئاندىن كىتابخانىغا باشـ ـلاپ بېرىپ ماڭىمۇ ھەم ئۆزىگىمۇ كىتاب سېتىۋالىدۇ . كىـ ـتابتىن ئالغان تەسىراتلىرى توغرىسىدا مەن بىلەن دوستانە سۆھبەتلىشىدۇ . مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى بەك ياقـ ـتۇرىمەن . ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلايمەن . ئاپام بىر

چاغلاردا دادامنىڭ بۇنداق مىجەزىنى «كىتاب مەستانىسى» دەپ ئانچە ياقتۇرمايتتى. كېيىن ئاپامنىڭ بۇ مىجەزى ئۆز- گىرىپ ئۆزى كىتاب خۇمارى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كې- يىن ئائىلىمىز تېخىمۇ ئىناق بولۇپ كەتتى. ئاتا - ئانامنىڭ ئىناقلىقى مېنىڭ بەختىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۇمىدى. ئۇلار مې- نىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر.

37.2　词语　سۆز - ئىبارىلەر

①送去②带去；领着去	动	[apar-]	ئاپار -
习惯；习性；习气；惯例；习俗	名	[adɛt]	ئادەت
善良的		[aq køŋyl]	ئاق كۆڭۈل
然后；再	代	[andin]	ئاندىن
相反；反而	副	[ɛksitʃɛ]	ئەكسىچە
请去；领去；带去		[baʃlap bar-]	باشلاپ بار-
尽情地喝；拼命地喝		[boluʃiʁa itʃ-]	بولۇشىغا ئىچ -
过去；有那么一段时间		[bir tʃaʁlarda]	بىر چاغلاردا
抽烟		[tamaka tʃɛk-]	تاماكا چەك -
烟	名	[tamaka]	تاماكا
头发	名	[tʃatʃ]	چاچ
理发；剪发		[tʃatʃ aldur-]	چاچ ئالدۇر -
生气；心烦		[tʃetʃilip qal-]	چېچىلىپ قال -

①癖；瘾②喜好；喜；酷爱	名 [χumar]	خۇمار
品德；品格；品质	名 [χi̥slɛt]*	خىسلەت
友好；友好地	副 [dostanɛ]	دوستانە
智力；记性；理性	名 [zehin]	زېھىن
谈话；交谈；会谈	动 [søhbɛtlɛʃ-]	سۆھبەتلەش ـ
亲爱的	形 [søjymlyk]	سۆيۈملۈك
从那之后；从此	[ʃuniŋdin kejin]	شۇنىڭدىن كېيىن
奇怪的；怪诞的；不正常的	形 [ʁɛlitɛ]	غەلىتە
有能力的；有才能的；有本领的；干练的	形 [qabilijɛtlik]	قابىلىيەتلىك
心；内心；心地；胸怀；襟怀	名 [qɛlp]*	قەلب
丝毫；一丁点儿	副 [qiltʃɛ]	قىلچە
读书心得	[ki̥taptin alʁan tɛsirat]*	كىتابتىن ئالغان تەسىرات
书迷；书呆子	[ki̥tap mɛstanisi]*	كىتاب مەستانىسى
有时；时而	[gahi-gahida]	گاھى ـ گاھىدا
工资；薪水	名 [maaʃ]	مائاش
领工资	[maaʃ al-]	مائاش ئال ـ
喝醉酒；喝醉	[mɛs bol-]*	مەست بول ـ
醉汉；醉鬼	名 [mɛs]*	مەست
①好；好吧；行；成；	语气\连 [mɛjli]	مەيلى

可以；随便；没什么 ②不管；不论			
这种时候；那种情况下		[mundaq tʃaʁlarda]	مۇنداق چاغلاردا
脾气；性情；性格；性子；秉性	名	[midʒɛz]	مىجەز
每次		[hɛr qetim]	ھەر قېتىم
①尖锐；锐利 ②灵敏；机灵；智慧	形	[øtkyr]	ئۆتكۈر
①变；变化②变迁 ③变异	动	[øzgɛr-]	ئۆزگەر -
烦恼；心烦；闷得慌		[itʃi puʃ-]*	ئىچى پۇش -
躺；卧；睡	动	[jat-]	يات -
喜欢；中意	使动	[jaqtur-]	ياقتۇر -
单独的；独自	形	[jalʁuz]	يالغۇز

37.3　词语用法说明

[mɛjli] مەيلى

(1)[mɛjli] مەيلى（无论、不论、不管）做连词，用在偏句句首表示概括提出的特殊条件，如：

ئۇ مەيلى يەكشەنبە ، مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن ھاراق ئىچمەيدۇ .

[u mɛjli jɛkʃɛmbɛ ，mɛjli bajram kynliri bolsun haraq iʃmɛjdu.]

（他无论是周末还是节假日都不喝酒。）

مەيلى بۈگۈن ، مەيلى ئەتە بولسۇن بىز چوقۇم بارىمىز .
[mɛjli bygyn , mɛjli ɛtɛ bolsun biz ʧoqum barimiz.]
（无论是今天或明天我们一定去。）

(2)做语气词，用在句首表示答应，如：

بۇ كىتابنى ماڭا بېرىپ تۇرامسىز ؟
[bu ki̥tapni maŋa berip turamsiz?]
（您把这本书借给我看可以吗？）

— مەيلى ، ئېلىڭ .
[— mɛjli , eliŋ.]
（行，您拿去吧。）

بىز بىللە بازارغا چىقايلىمۇ ؟
[biz billɛ bazarʁa ʧi̥qajlimu?]
（我们一起上街行吗？）

— مەيلى ، چىقايلى .
[— mɛjli , ʧi̥qajli.]
（行啊！）

(3)与动词条件式连用表示句中所提出的条件由对方选择，如：

سىز بۈگۈن كەلسىڭىزمۇ مەيلى ، كەلمىسىڭىزمۇ مەيلى .
[siz bygyn kɛlsiŋizmu mɛjli , kɛlmisiŋizmu mɛjli.]
（您今天来不来没有关系。）

ئۇ دەرسكە كەلمىسىمۇ مەيلىمۇ ؟
[u dɛrskɛ kɛlmisimu mɛjlimu?]
（他不来上课也可以吗？）

37.4　语音语法要点

一、[ʤ]« ج »音的读法

[ʤ]« ج »音出现在音节末或词末时，一般要读成[ʒ]« ژ »，如：

汉语	口语	书面语
（税）	[baʒ]	باج
（固执）	[kaʒ]	كاج
（良心）	[wiʒdan]	ۋىجدان
（祖先）	[ɛʒdat]	ئەجداد

二、体助动词 [aL]«ئال ـ»及其用法

体助动词 [aL]«ئال ـ»与 [p]«پ»副动词结合表示以下两种意义：

⑴表示动作的结果趋向于施动者，如：

تاماقنى ئوبدان يەۋال（يەپ ئال）، قۇرسقىڭ ئېچىپ قالىدۇ.（你吃好饭，不然会饿着的。）

[tamaqni obdan jɛwal（jɛp al），qursiqiŋ etʃip qalidu.]

ئوبدان ئولتۇرۇۋال（ئولتۇرۇپ ئال）، يىقىلىپ كېتىسەن.（你坐好了，不然会摔倒的。）

[obdan olturuwal（olturup al），jiqilip ketisɛn.]

⑵表示本不应该做，而偏偏做了的意义，如：

ئۇ مەنمۇ بارىمەن دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى（تۇرۇپ ئالدى）.

[u mɛnmu barimɛn dɛp jiʁlap turuwaldi（turup aldi）.]

（他哭着喊着要去。）

ئۇ ماڭا كەلگەن خەتنى كۆرۈۋاپتۇ（كۆرۈپ ئېلىپتۇ）.

[u maŋa kɛlgɛn χɛtni kørywaptu（køryp eliptu）.]

（他偷看了我的信件。）

注： [p]« پ »副动词与体助动词 [al-]« ئال - »连用时，[p]« پ »变成 [w]« ۋ »并与 [al-]« ئال - »连写。

三、[ʁanliq]« غانلىق »动名词

[ʁanliq]« غانلىق »动名词在完成形动词、持续形动词、未完成形动词之后附加[-liq] [-lik]« لىك-// لىق - 构成。[liq]« لىق »附加在最后一个音节带有后元音的词干后；而« لىك - » [-lik]附加在最后一个音节带有前元音的词干后，如：

（完成） ئوقۇغان + لىق = ئوقۇغانلىق

[oquʁan+liq=oquʁanliq]

（完成） كەلگەن+ لىك= كەلگەنلىك

[kɛlgɛn+lik=kɛlgɛnlik]

（持续） ئوقۇۋاتقان+ لىق = ئوقۇۋاتقانلىق

[oquwatqan+liq=oquwatqanliq]

（未完成） ئوقۇيدىغان+ لىق = ئوقۇيدىغانلىق

[oqujdiʁan+liq=oqujdiʁanliq]

（完成） بارمىغان+ لىق= بارمىغانلىق

[barmiʁan+liq=barmiʁanliq]

（完成） ئىشلىمىگەن+ لىك= ئىشلىمىگەنلىك

[iʃlimigɛn+lik=iʃlimigɛnlik]

（未完成） ئىشلىمەيدىغان+لىق= ئىشلىمەيدىغانلىق

[iʃlimɛjdiʁan+liq=iʃlimɛjdiʁanliq]

（持续）　ئىشلىمەيۋاتقان+لىق=ئىشلىمەيۋاتقانلىق

[iʃlimɛjwatqan+liq=iʃlimɛjwatqanliq]

⑴这类动名词与从格附加成分结合或与［ytʃyn］« ئۈچۈن » 连用表示原因，在句中做状语，如：

ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن يىغىنغا قاتنىشالمىدى .

[u aʁrip qalʁanliqtin jiʁinʁa qatniʃalmidi.]

（由于他生病没能参加会议。）

ئۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكتىن ۋاقتىدا كېلەلمىدى .

[u aldiraʃ bolup kɛtkɛnliktin waχtida kelɛlmidi.]

（由于他太忙没能按时来。）

ئۇنىڭ ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تويغا كېچىكىپ كەلدى .

[uniŋ iʃi tʃiqip qalʁanliqi ytʃyn tojʁa ketʃikip kɛldi.]

（由于他临时有事，所以参加婚礼迟到了。）

⑵与名词领属人称或格附加成分结合表示动作的过程，这时［ʁanliq］« غانلىق »动名词的主体要用名词所有格形式，如：

مەن ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم .

[mɛn uniŋ køz jeʃi qilʁanliqini birintʃi qetim kørdym.]

（我第一次看到他流眼泪。）

مەن سىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم .

[mɛn sizniŋ aʁrip qalʁanliqiŋizdin χɛwɛr taptim.]

（我知道您生病了。）

37.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按 [ʁanliq]« غانلىق »动名词的完成、持续、未完成形式加以变化。

ياقتۇر-　　ئوقۇ-　　كەل-　　يە-　　سۆھبەتلەش-

باشلاپ بار-　　ئىچى پۇش-　　بار-　　ئۆگەن-　　بەر-

ياز-　　تاماكا چەك-　　مائاش ئال-　　ماڭ-　　چاچ ئال-

كۆر-　　ئاس-　　كەت-　　تۇر-　　ئۆزگەر-

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的 [ʁanliq]« غانلىق »动名词和名词格形式填空。

(1) ئۇ بار-[　　　　] ماڭا دېمىدى .

(2) ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىل-[　　　　]بىلدى .

(3) ئۇلارنىڭ نېمە دە-[　　　　] ئاڭلىيالمىدىم .

(4) سىزنىڭ شۇنداق قىل-[　　　　] ئىشەنمەيمەن .

(5) ئۇ سېنىڭ بۇ كىتابنى كۆر-[　　　　] بىلمەيدۇ .

(6) ئۇ مېنىڭ نېمە ياز-[　　　　] بىلمەيدۇ .

(7) ئۇ ئاغرىپ قال-[　　　　] يىغىنغا قاتنىشالمىدى .

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 他是因为得病没来上课。

(2) 我没见过他跳舞。

(3) 我们不知道他今天要来。

(4) 你今天来不来没有关系。

(5) 无论是今天还是明天我们一定去。

(6) 你吃好饭，不然会饿着的。

4）结合课文回答下列问题。

(1) سىزنىڭ دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

(2) ئۇ قانداق ئادەم ؟

(3) ئۇنىڭ مىجەزى قانداق ؟

(4) دادىڭىز مائاش ئالغاندا نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

(5) ئانىڭىز دادىڭىزنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا قانداق قارايدۇ ؟

(6) سىزنىڭ ئائىلىڭىز قانداق ئائىلە ؟

(7) ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئاشۇنداق ئېسىل خىسلەتلىرى سىزدە قانداق تەسىر قالدۇردى ؟

第 38 课 ئوتتۇز سەككىزىنچى دەرس

38.1 课文 تېكىست

老奶奶的新厨房 مومايىنىڭ يېڭى ئاشخانىسى

ئالىيەنىڭ مومىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇراتتى . ھەر قېتىم يازلىق تەتىل بولغاندا ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى . مانا بۈگۈن ئالىيەنىڭ مومىسى كېلىپ ، ئۇنى ئېلىپ كەتتى .

بۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ ، ئېتىزدىكى بۇغ-دايلار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى . بەزى ئېتىزلار-دىكى بۇغدايلارنى ئورۇپ بولغان بولۇپ ، خامانغا تاغدەك دۆۋىلەپ قويغانىدى .

ئالىيەنىڭ مومىسى قايتىپ كېلىپلا ئورمىغا چۈشۈپ كەتتى . ئالىيە بولسا باشاق تېرىشكە باشلىدى .

چۈش بولاي دېگەندە ، ئالىيە بىر سېۋەت باشاقنى كۆ-تۈرۈپ ئۆيگە قايتتى .

ئالىيە ئۆيگە كىرسە مومىسى يوق ، ئاشخانىدىمۇ يوق . ئالىيەنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى . قازاندا ھېچنېمە يوق . ئوچاققا قارىسا ، ئۇچاقتا ئوت تۇگۈل ھەتتا ئوتنىڭ ئۇچقۇنىمۇ يوق ئىدى . بۇ قانداق گەپ ، مومام تاماق ئې-تىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ ؟

ئالىيە تېڭىرقاپ تۇرغاندا ، مومىسى ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە سۈيۈقئاشنى كۆتۈرۈپ كىردى . تېخى ئۈستىدە بىر تۇخۇممۇ بار ئىكەن .

—— يە بالام ، چاپسان يەۋال !

ئالىيە بەكمۇ ھەيران بولۇپ :

—— موما ، بۇ سۈيۈقئاشنى كىم ئەتتى ؟ —— دەپ سورىدى .

—— مەن ئەتتىم بالام ، —— دېدى مومىسى كۈلۈپ تۇرۇپ .

—— موما ئوت ياقماي تۇرۇپ سۈيۈقئاشنى قانداق پىشۇردىڭىز ؟ —— دەپ سورىدى ئالىيە .

—— ئاۋۋال تاماقنى يە ، ئاندىن يېڭى ئاشخانامنى ساڭا كۆرسىتەي ، —— دېدى مومىسى .

ئالىيە تاماقنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپلا ، ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتتى ۋە كۈنلۈككە ئوخشايدىغان غەلىتە بىر نەرسىنى كۆردى . « كۈنلۈكنىڭ سېپى » دا بىر كورا بار بولۇپ ، كورىدىكى سۇ پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى .

مومىسى ئالىيەگە بۇ « كۈنلۈك » قۇياش نۇرىنى كورىنىڭ تېگىگە يىغىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ . ھەممىمىز بۇ خىلدىكى يېڭى ئوچاقنى « كۈن نۇرى ئوچىقى » دەيمىز . كۈن نۇرى ئوچىقىدا تاماق ئەتكەندە ، سەي قورىغاندا ئوتۇن ، كۆمۈر ئىشلەتمەيمىز . ئۇ ھەم پاكىز ھەم تېجەشلىك بولىدۇ ، دەپ چۈشەندۈردى .

ئالىيە خۇشال بولغان ھالدا :

——كۈن نۇرى ئوچىقى بەكمۇ ياخشى ئىكەن ! ——
دېدى .

38.2 词语 سۆز - ئىبارىلەر

厨房	名	[aʃχana]	ئاشخانا
金；金子	名	[altun]	ئالتۇن
来带走；来领走		[alʁili kɛl-]	ئالغىلى كەل -
①先；以前②先前；早先；原先	副	[awal]*	ئاۋۋال
做	动	[ɛt-]	ئەت -
麦穗	名	[baʃaq]	باشاق
开始拾麦穗		[baʃaq teriʃkɛ baʃla-]	باشاق تېرىشكە باشلا -
太；极；十分；非常	副	[bɛkmu]	بەكمۇ
这是什么话；这是怎么一回事		[bu qandaq gɛp]	بۇ قانداق گەپ
于是		[buniŋ bilɛn]	بۇنىڭ بىلەن
有个什么东西		[bir nemɛ]	بىر نېمە
①闪耀；闪光；发亮②炯炯发光③光洁	动	[parqira-]	پارقىرا -
咕嘟响	动	[poruqla-]	پورۇقلا -
使熟；使成熟	使动	[piʃur-]*	پىشۇر-
做饭		[tamaq ɛt-]	تاماق ئەت -
①底；底部②下面；下	名	[tɛk]*	تەگ

部；底下③根底；根基

鸡蛋	名	[tu̥χum]*	تۇخۇم
不但不……而且；不仅不……而且	语气	[tygyl]	تۈگۈل
节省的；节俭的	形	[tedʒɛʃlik]	تېجەشلىك
发愣		[teŋirqap tur-]	تېڭىرقاپ تۇر-
温度	名	[temperatura]	تېمپېراتۇرا
快速；急速；赶快	副	[tʃapsan]	چاپسان
解释；讲解；说明；解说	使动	[tʃy̥ʃɛndyr-]*	چۈشەندۈر-
快到中午时		[tʃy̥ʃ bolaj degɛndɛ]*	چۈش بولاي دېگەندە
瓷碗	名	[tʃinɛ]	چىنە
①打谷场；麦场②打好的粮食堆	名	[χaman]	خامان
这样问道		[dɛp soridi]	دەپ سورىدى
把子；柄；杆	名	[sap]	ساپ
炒菜		[sɛj qoru-]	سەي قورۇ-
汤面；汤饭；揪面片	名	[sujqaʃ]*	سۇيۇقئاش
篮子；筐子	名	[sewɛt]	سېۋەت
①外；外面；外头②之外；以外	名	[sirt]	سىرت
城市	名	[ʃɛhɛr]	شەھەر
锅	名	[qazan]	قازان
沸；开；煮沸	动	[qajna-]	قاينا-

①腹；肚子②肚量；气量；胸怀	名	[qorsaq]	قورساق
肚子饿		[qorsaq atʃ-]	قورساق ئاچ -
太阳	名	[qujaʃ]	قۇياش
锅（带双耳的，直筒装的）	名	[kora]	كورا
端；举；抬；挑；扛；提；抱；托起；撩起	动	[køtyr-]	كۆتۈر-
煤；炭；煤炭	名	[kømyr]	كۆمۈر
笑着；面带微笑		[kylyp tur-]	كۈلۈپ تۇر-
伞	名	[kynlyk]	كۈنلۈك
阳光灶；太阳能灶(炉子)		[kyn nuri otʃiʁi]*	كۈن نۇرى ئوچىقى
老太太；老太婆	名	[momaj]	موماي
光；光线；光芒	名	[nur]	نۇر
匆匆忙忙；急急忙忙；仓促		[hapila-ʃapila]	هاپىلا - شاپىلا
甚至	连\语气	[hɛtta]	ھەتتا
吃惊；惊奇		[hɛjran bol-]	ھەيران بول -
冒着热气		[hori tʃiqip tur-]*	ھورى چىقىپ تۇر-
无论什么；什么都；什么也	代	[heʃnemɛ]*	ھېچنېمە
火；火力	名	[ot]	ئوت
柴；木柴	名	[otun]	ئوتۇن

点火		[ot jaq-]	ئوت ياق-
炉灶	名	[otʧaq]	ئوچاق
收割	名	[orma]	ئورما
开始忙碌收割；投入到收割当中		[ormiʁa tʃy̥ʃyp kɛt-]*	ئورمىغا چۈشۈپ كەت-
收割完		[orup bol-]	ئوروپ بول-
住；居住	动	[oltur-]	ئولتۇر-
火花；火星；星星之火	名	[y̥ʃqun]*	ئۇچقۇن
忘记		[untup qal-]	ئۇنتۇپ قال-
回家		[øjgɛ qajt-]	ئۆيگە قايت-
进屋		[øjgɛ kir-]	ئۆيگە كىر-
上面；上头	名	[yst]	ئۈست
田；田地	名	[etiz]	ئېتىز
带走；领走		[elip kɛt-]	ئېلىپ كەت-
使用	使动	[iʃlɛt-]*	ئىشلەت-
放暑假时		[jazliq tɛtil bolʁanda]	يازلىق تەتىل بولغاندا
集中起来	动	[jiʁ-]	يىغ-

38.3 词语用法说明

[halda] هالدا

(1)[halda] هالدا是后置词，一般与形容词或形动词连用表示行为动作的状态，可以充当句子的状语，如：

（阿力木高高兴兴地进来了。）	ئالىم خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى . [alim χuʃal halda kirip kɛldi .]
（他垂头丧气地从医院出来了。）	ئۇ دوختۇرخانىدىن روھى چۈشكەن ھالدا چىقتى . [u doχturχanidin rohi tʃyʃkɛn halda tʃiqti.]

(2)有时可用于作者语言和人物语言之间，如：

（阿丽亚高高兴兴地说： —太阳能灶真好！）	ئالىيە خۇشال بولغان ھالدا : كۈن نۇرى ئوچىقى بەكمۇ ياخشى ئىكەن!ـــــ دېدى . [alijɛ χuʃal bolʁan halda: —— kyn nuri otʃiʁi bɛkmu jaχʃi ikɛn! —— dedi.]
（奶奶微笑着说： — 孩子，你快点儿吃吧。）	موماي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا : ـــــ بالام ، تامىقىڭنى چاپسان يە ، ـــــ دېدى . [momaj kylymsirigɛn halda : —— balam , tamiʁiŋni tʃapsan jɛ, —— dedi.]

38.4 语法要点

动词直接陈述式反复过去时

反复过去时表示说话时刻前反复发生或持续存在的动作。动词词干后先附加 [-at][-ɛt][-jt]«ـ يت // ـ ەت // ـ ات»，然后再附加以清辅音开头的过去时直接陈述式人称附加成分而构成，其附加方法要遵循元音和谐和元音与辅音的搭配规律。

人称		数	动词直接陈述式反复过去时附加成分		
			以辅音开头	以前元音开头	以后元音开头
第一人称		单数	-يتتىم [-jttim]	- ەتتىم [-ɛttim]	- اتتىم [-attim]
第一人称		复数	- يتتۇق [-jttuq]	- ەتتۇق [-ɛttuq]	- اتتۇق [-attuq]
第二人称	普称	单数	- يتتىڭ [-jttiŋ]	- ەتتىڭ [-ɛttiŋ]	- اتتىڭ [-attiŋ]
第二人称	尊称	单数	- يتتىڭىز [-jttiŋiz]	- ەتتىڭىز [-ɛttiŋiz]	-اتتىڭىز [-attiŋiz]
第二人称	复数		- يتتىڭلار [-jttiŋlar]	- ەتتىڭلار [-ɛttiŋlar]	- اتتىڭلار [-attiŋlar]
第三人称	单数、复数		- يتتى [-jtti]	- ەتتى [-ɛtti]	- اتتى [-atti]

反复过去时的否定形式在否定动词词干后先附加[-jt]«يت - »，然后再附加过去时直接陈述式人称附加成分构成，如：

否定式	肯定式
ئوقۇ+ ما+ يت+ تىم =ئوقۇمايتتىم [oqu+ma+jt+tim=oqumajttim]	ئوقۇ+ يت+ تىم =ئوقۇيتتىم [oqu+jt+tim=oqujttim]
ئوقۇ+ ما+ يت+ تۇق =ئوقۇمايتتۇق [oqu+ma+jt+tuq=oqumajttuq]	ئوقۇ+ يت+ تۇق =ئوقۇيتتۇق [oqu+jt+tuq=oqujttuq]

كەل+ ەت+ تىڭ=كېلەتتىڭ [kɛl+ɛt+tiŋ=kelɛttiŋ]　　كەل+ مە+ يت+ تىڭ=كەلمەيتتىڭ [kɛl+mɛ+jt+tiŋ=kɛlmɛjttiŋ]

كەل+ ەت+ تىڭىز=كېلەتتىڭىز [kɛl+ɛt+tiŋiz=kelɛttiŋiz]　　كەل+ مە+ يت+ تىڭىز=كەلمەيتتىڭىز [kɛl+mɛ+jt+tiŋiz=kɛlmɛjttiŋiz]

كەل+ەت+ تىڭلار=كېلەتتىڭلار [kɛl+ɛt+tiŋlar=kelɛttiŋlar]　　كەل+مە+ يت+ تىڭلار=كەلمەيتتىڭلار [kɛl+mɛ+jt+tiŋlar=kɛlmɛjttiŋlar]

كەل+ ەت+ تى=كېلەتتى [kɛl+ɛt+ti=kelɛtti]　　كەل+ مە+ يت+ تى=كەلمەيتتى [kɛl+mɛ+jt+ti=kɛlmɛjtti]

反复过去时的疑问式有两种：

(1)在上述反复过去时肯定式或否定式后加语气词[mu]«مۇ»构成，如：

ئوقۇيتتىم+ مۇ=ئوقۇيتتىممۇ [oqujttim+mu=oqujttimmu]　　ئوقۇمايتتىم+ مۇ= ئوقۇمايتتىممۇ [oqumajttim+mu=oqumajttimmu]

ئوقۇيتتۇق+ مۇ= ئوقۇيتتۇقمۇ [oqujttuq+mu=oqujttuqmu]　　ئوقۇمايتتۇق+ مۇ= ئوقۇمايتتۇقمۇ [oqumajttuq+mu=oqumajttuqmu]

ئوقۇيتتىڭ+مۇ= ئوقۇيتتىڭمۇ [oqujttiŋ+mu=oqujttiŋmu]　　ئوقۇمايتتىڭ+ مۇ=ئوقۇمايتتىڭمۇ [oqumajttiŋ+mu=oqumajttiŋmu]

ئوقۇيتتىڭىز+مۇ= ئوقۇيتتىڭىزمۇ [oqujttiŋiz+mu=oqujttiŋizmu]　　ئوقۇمايتتىڭىز+مۇ= ئوقۇمايتتىڭىزمۇ [oqumajttiŋiz+mu=oqumajttiŋizmu]

ئوقۇيتتىڭلار+مۇ=ئوقۇيتتىڭلارمۇ [oqujttiŋlar+mu=oqujttiŋlarmu]　　ئوقۇمايتتىڭلار+ مۇ= ئوقۇمايتتىڭلارمۇ [oqumajttiŋlar+mu=oqumajttiŋlarmu]

ئوقۇيتتى+ مۇ= ئوقۇيتتىمۇ [oqujtti+mu=oqujttimu]　　ئوقۇمايتتى+مۇ= ئوقۇمايتتىمۇ [oqumajtti+mu=oqumajttimu]

(2)动词词干（包括否定词干）后先附加 « ـەم // ـام // ـم »

[-m] [-am] [-ɛm]，然后再附加以[t]« ت »开头的过去时直接陈述式人称附加成分构成，如：

ئوقۇ+ م+تىم= ئوقۇمتىم	ئوقۇ+ ما+ م+ تىم =ئوقۇمامتىم
[oqu+m+tim=oqumtim]	[oqu+ma+m+tim=oqumamtim]
كەل+ ەم+ تۇق =كېلەمتۇق	كەل+ مە+ م+ تۇق= كەلمەمتۇق
[kɛl+ɛm+tuq=kelɛmtuq]	[kɛl+mɛ+m+tuq=kɛlmɛmtuq]
كەل+ ەم+ تىڭ= كېلەمتىڭ	كەل+ مە+ م+ تىڭ= كەلمەمتىڭ
[kɛl+ɛm+tiŋ=kelɛmtiŋ]	[kɛl+mɛ+m+tiŋ=kɛlmɛmtiŋ]
بار+ ام + تىڭىز= بارامتىڭىز	بار + ما+ م+ تىڭىز= بارمامتىڭىز
[bar+am+tiŋiz=baramtiŋiz]	[bar+ma+m+tiŋiz=barmamtiŋiz]
تىرىش+ام+تىڭلار=تىرىشامتىڭلار	تىرىش+ما+م+تىڭلار= تىرىشمامتىڭلار
[tiriʃ+am+tiŋlar=tiriʃamtiŋlar]	[tiriʃ+ma+m+tiŋlar=tiriʃmamtiŋlar]
ياز+ ام+ تى= يازامتى	ياز+ ما+م+ تى = يازمامتى
[jaz+am+ti=jazamti]	[jaz+ma+m+ti=jazmamti]

ئۇ دائىم ياخشى ئىش قىلاتتى .
[u dajim jaχʃi iʃ qilatti.]
（他经常做好事。）

بىز ئۇلار بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتۇق .
[biz ular bilɛn intajin inaq øtɛttuq.]
（我们和他们相处得很和睦。）

مەن دەرسكە ھەرگىز كېچىكمەيتتىم .
[mɛn dɛrskɛ hɛrgiz ketʃikmɛjttim.]
（我上课从不迟到。）

مەن دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىم .
[mɛn dajim uniŋ øjigɛ barattim.]
（我常去他家。）

ئۇ تەتىلدە ئۆيىگە قايتاتتىمۇ ؟
（他平时假期

回家吗？） [u tɛtildɛ øjigɛ qajtattimu？]

反复过去时与条件式连用时，它所表达的仅仅是对过去可能发生的行为的一种估计、虚构或愿望，如：

ئۇ كەتمىگەن بولسا، بۇنداق ئىش يۈزبەرمىگەن بولاتتى .

[u kɛtmigɛn bolsa，bundaq iʃ jyzbɛrmigɛn bolatti.]

（如果他没有走的话，也就不会发生这种事了。）

ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ياردەم قىلمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنۈم بولمىغان بولاتتى .

[ɛjni waqitta u jardɛm qilmiʁan bolsa，meniŋ bygynkidɛk jaχʃi kynym bolmiʁan bolatti.]

（想当年，若不是他帮助了我，我就不会有今天的好日子。）

38.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按动词直接陈述式反复过去时肯定形式加以变化。

ئەت -	ئىچى پۇش -	بار -	ئۆگەن -	بەر -
ياز -	پارقىرا -	پورۇقلا -	ماڭ -	پىشۇر -
كۆر -	ئاس -	كەت -	تۇر -	ئۆزگەر -

3）将下列动词按动词直接陈述式反复过去时否定形式加以变化。

چۈشەندۈر -　　ئوقۇ -　　كەل -　　بە -　　ئوت ياق -

تېڭىرقاپ قال-　　سەي قورۇ-　　بار-　　ئۆگەن-　　بەر-

ياز-　　قورساق ئاچ-　　كۆتۈر-　　ماڭ-　　ھەيران بول-

كۆر-　　ئاس-　　كەت-　　كۈلۈپ تۇر-　　ئۆزگەر-

4）将下列动词按动词直接陈述式反复过去时疑问形式加以变化。

ئورۇپ بول-　　ئوقۇ-　　كەل-　　يە-　　ئېلىپ كەت-

ئولتۇر-　　ئۇنتۇپ قال-　　بار-　　ئۆگەن-　　بەر-

ياز-　　ئۆيگە قايت-　　ئۆيگە كىر-　　ماڭ-　　ئىشلەت-

كۆر-　　ئاس-　　كەت-　　تۇر-　　ئۆزگەر-

5）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的动词直接陈述式反复过去时形式填空。

(1) بىز دائىم بىللە كىنوغا بار-[   ].

(2) ئۇلار بەك ياخشى ئۆت-[   ].

(3) سىز لازا يېيىشنى ياخشى كۆر-[   ]؟

(4) مەن بۇرۇن ناخشا ئېيتىشنى بەك ياخشى كۆر-[   ].

(5) ئۇ دەرسكە ھەرگىز كېچىكمە-[   ].

(6) ئۇلار مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆر-[   ] مۇ؟

(7) ئۇ كەتمىگەن بولسا، بۇنداق ئىش يۈزبەرمىگەن بول-[   ].

(8) ئۇلار بۇ يەرگە كەل-[   ]؟

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 他常到我家来。

(2) 我以前不喜欢跳舞。

(3) 我们俩相处得非常融洽。

(4) 我们以前不懂维吾尔语。

(5) 他上大学时常打球。

(6) 妈妈，我小时候喜欢听歌吗？

4）结合课文回答下列问题。

(1) ئالىيەنىڭ مومىسى نەدە ئولتۇراتتى ؟

(2) ئالىيەنىڭ مومىسى يازلىق تەتىلدە ئۇنى ئېلىپ كېتەتتىمۇ ؟

(3) ئالىيە مومىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدى ؟

(4) ئالىيەنىڭ مومىسى چۈشلۈك تاماق ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنمۇ ؟

(5) ئالىيەنىڭ مومىسى ئوت ياقماي تۇرۇپ سۇيۇقئاشنى قانداق پىشۇرغان ؟

(6) ئالىيە كۆرگەن كۈن نۇرى ئوچىقى قانداق ئىكەن ؟

(7) نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئوتۇن ،كۆمۈر ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ تاماق ئەتكىلى ، سەي قورىغىلى بولىدۇ ؟

第 39 课　ئوتتۇز توققۇزىنچى دەرس

39.1 课文 تېكست

和田的石榴 خوتەن ئانارى

ئەگەر سىز كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەن شەھىرىگە بېرىپ ، قايسىبىر دېھقاننىڭ هويلا ـ ئاراملىرىغا نەزەر سالسىڭىز ، ئاجايىپ ئېسىل بىر مېۋىگە كۆزىڭىز چۈشىدۇ . مانا بۇ ئانا يۇرتۇم خوتەننىڭ يەرلىك ئەلا سورتلۇق ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مېۋىلىرىنىڭ بىرى ـــ ئانار .

ئانار دەرىخى پەرۋىشنى قانچە كۆچەيتىپ ، قۇۋۋەتنى قانچە ئاشۇرسا ، شۇنچە ياخشى ئۆسىدۇ . تۆۋىدىن چىققان ياش نوتىلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ تىكسە ، ئاسان كۆكلەيدۇ ، ئەمما ئۇرۇقى ئۇنمەيدۇ .

ئانار چېچىكى ـــ ئانارنىڭ ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتى بو-لۇپ ، ئۇنىڭدىن تەمى تاتلىق ، قۇۋۋىتى يۇقىرى بولغان ئانار گۈلى شەربىتى ياسىلىدۇ . ئانار گۈلى شەربىتى بەدەننى كۆ-چەيتىش ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قان تومۇرنى كېڭەيتىش ، بۆرەك قاننى ساپلاشتۇرۇش ، ئېغىزدىكى سۇلۇق جاراھەتلەر-گە ، چىش ئاغرىقىغا ، بەدەن ئەزالىرىدىن كەلگەن قانلارنى

توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

نېمە ئۈچۈن خوتەن ئانارىنىڭ قىممىتى يۇقىرى ، تەمى تاتلىق بولىدۇ ؟

خوتەن رايونىنىڭ ئەتراپى قۇملۇق بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، تېمپېراتۇرىسى باشقا جايلارغا قارىغاندا خېلى پەرقلىنىپ، 40-38 گرادۇستىن چۈشمەيدۇ . كۈندۈزى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىمۇ بىرقەدەر ئۇزۇن . يەرلىرىنىڭ تۇپراق قاتلىمى قۇمىقېتىش . شۇڭا خوتەن ئانارى تاتلىق بولۇپ ، بازىرى ئىتتىك ، خېرىدارى كۆپ .

ئانارىنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

39.2 词语 سۆز ـ ئىبارىلەر

自治区		[aptonom rajon]	ئاپتونوم رايون
①奇妙的②卓越的	形	[adʒajip]	ئاجايىپ
胃	名	[aʃqazan]	ئاشقازان
使增长；使加强；使强化；使提高	使动	[aʃur-]	ئاشۇر-
石榴花		[anar tʃetʃigi]*	ئانار چېچىكى
石榴树		[anar dɛriχi]	ئانار دەرىخى
石榴花汁		[anar gyli ʃɛrbiti]	ئانار گۈلى شەربىتى
家乡；故乡；老家		[ana jurt]	ئانا يۇرت
周围；附近	名	[ɛtrap]	ئەتراپ
如果；倘若；假如	连	[ɛgɛr]	ئەگەر

品优的；优质的		[ɛlɛ sortluq]	ئەلا سورتلۇق
畅销；热销		[baziri i̥ttik]*	بازىرى ئىتتىك
别的地方；别处		[baʃqa ʤajlar]	باشقا جايلار
身体；体格	名	[bɛdɛn]	بەدەن
身体各部位；肌体		[bɛdɛn ɛzaliri]	بەدەن ئەزالىرى
强身健体		[bɛdɛnni ky̥ʧɛjtiʃ]*	بەدەننى كۈچەيتىش
看作；作为；视为；当作		[bulup hesaplan-]*	بولۇپ ھېسابلان-
坏的	形	[buzuq]	بۇزۇق
清洁血液		[buzuq qanni saplaʃturuʃ]	بۇزۇق قاننى ساپلاشتۇرۇش
区别；有区别	动	[pɛrqlɛn-]	پەرقلەن-
①养育；培育；抚育②管理；看护	名	[pɛrwiʃ]	پەرۋىش
①甜的；甜美的②甜蜜的；美满的	形	[tatliq]	تاتلىق
味道	名	[tɛm]	تەم
①土；土壤；②土地	名	[tu̥praq]*	تۇپراق
①伤；疮②创伤	名	[ʤarahɛt]	جاراھەت
肝脏	名	[ʤigɛr]	جىگەر
花(多指木本植物的)	名	[ʧeʧɛk]	چېچەك
牙病		[ʧi̥ʃ aʁriʁi]*	چىش ئاغرىقى
和田	名	[χotɛn]	خوتەن

顾客	名	[χeridar]	خېرىدار
治疗	动	[dawala-]	داۋالا ـ
①药用的②药引子	名\形	[doriliq]	دورىلىق
农民	名	[dehqan]	دېھقان
地区；区域	名	[rajon]	رايون
使变纯；使变纯净	使动	[saplaʃtur-]	ساپلاشتۇر ـ
①带水的；水多的；②多汁的	形	[suluq]	سۇلۇق
①环绕②覆盖着；笼罩着；布满；充满		[qaplinip tur-]	قاپلىنىپ تۇر ـ
①层；层次②阶层	名	[qatlam]	قاتلام
①看来②比	语气	[qariʁanda]	قارىغاندا
血；血液	名	[qan]	قان
血管；血脉		[qan tomur]	قان تومۇر
扩张血管		[qan tomurni keŋɛjtiʃ]	قان تومۇرنى كېڭەيتىش
止血		[qanlarni toχtat-]	قانلارنى توختات ـ
表示不确定的人或事	代	[qajsibir]	قايسىبىر
拔出	动	[qomur-]	قومۇر ـ
含沙的；有沙子的	形	[qumqetiʃ]	قۇمقېتىش
①含沙的；②沙地；沙漠	形\名	[qumluq]	قۇملۇق
①力；力量②能量③营养	名	[quwwɛt]	قۇۋۋەت

①价值②昂贵③贵重；宝贵	名	[qimmɛt]	قىممەت
①昂贵的②珍贵的；宝贵的③尊贵的	形	[qimmɛtlik]	قىممەتلىك
①目光落到……②看上；看中		[køzi tʃyʃ-]	كۆزى چۈش ـ
①发青；变绿②兴旺；发达	动	[køklɛ-]	كۆكلە ـ
加强；增加；强化	使动	[ky̥tʃɛjt-]*	كۈچەيت ـ
秋天的某一天		[kyz kynlirinin biridɛ]	كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە
白天；白昼	名	[kyndyz]	كۈندۈز
日照时间		[kyn nurinin tʃy̥ʃyʃ waχti]*	كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى
病	名	[kesɛllik]	كېسەللىك
使变宽；使扩展；使扩大	使动	[keŋɛjt-]	كېڭەيت ـ
度	量	[giradus]*	گرادۇس
就这个；这就是		[mana bu]	مانا بۇ
瞩目；注目；展望		[nɛzɛr sal-]	نەزەر سال ـ
为什么		[nemɛ y̥tʃyn]*	نېمە ئۈچۈن
庭院；院落		[hojla aram]	هويلا ـ ئارام

①算；计算②算做；以为；认为	动 [hesapla-]*	ھېسابلا-
种子	名 [uruq]	ئۇرۇق
发芽；出芽；萌芽	动 [yn-]	ئۈن-
经济的	形 [ii̯χtisadi]*	ئىقتىسادىي
幼枝	[jaʃ nota]	ياش نوتا

39.3 词语用法说明

[biri] بىرى

数词[bir] بىر与名词领属第三人称附加成分结合表示以下意义：

①与所有格形式的词连用表示“其中之一”，如：

ئانار ــــ ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئېسىل مېۋىلەرنىڭ بىرى .

[anar— aptonom rajonimizdin ʧi̯qidiʁan esil mewilɛrniŋ biri .]

（石榴是我们自治区出产的优良水果之一。）

ئۇ سىنىپىمىزدىكى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى .

[u sinipimizdiki y̯ʃtɛ jaχʃi oquʁuʧilarniŋ biri .]

（他是我们班的三好学生之一。）

②表示“某人”的意思，如：

سىزنى بىرى بىر نېمە دېدىمۇ ؟

[seni biri bir nemɛ dedimu?]

（有人说你什么了吗？）

مەكتەپ ئالدىدا بىرى سىزنى ساقلاپ قالدى .

[mɛktɛp aldida biri sizni saqlap qaldi .]

（有个人在学校门口等您。）

39.4　语法要点

动词的语态

动词的语态表示动作与主体之间的关系。

动词的语态根据语法意义可以分为主动态、被动态、自反态、使动态、交互共同态五种。

1. 主动态

动词的主动态没有形态标志，动词的原形就是主动态。它表示动作由主体发出并完成，如：

（我写文章了。）　　مەن ماقالا يازدىم .

[mɛn maqalɛ jazdim.]

（今天我们看电影了。）　　بىز بۈگۈن كىنو كۆردۇق .

[biz bygyn kino kørduq .]

（他们回来了。）　　ئۇلار قايتىپ كەلدى .

[ular qajtip kɛldi.]

2. 被动态

被动态动词表示行为动作由他人完成并由主体承受。其构成方法如下：

①以元音结尾的动词词干后加 [-n]« ن ـ »或 [-l]« ل ـ »构成（最后一个音节中带 [-l]« ل ـ »的动词附加 [-n]« ن ـ »，其余的附加 [-l]« ل ـ »），如：

（制造→被制造）　[jasa+l=jasal-]　ياسا + ل = ياسال ـ

（开始→被开始）　[baʃla+n=baʃlan-]　باشلا+ ن = باشلان ـ

（读→被读）　[oqu+l=oqul-]　ئوقۇ+ ل = ئوقۇل ـ

（做→被做） [iʃlɛ+n=iʃlɛn-] ئىشلە+ ن = ئىشلەن ـ

②辅音结尾的动词词干最后一个音节中带有 [-l]«ل ـ»的话，要附加[-in][-un][-yn]«ـ ىن // ـ ۇن // ـ ۈن»，其它动词附加[-il][-ul][-yl] «ـ ىل // ـ ۇل // ـ ۈل»，如：

（说→被说） [ejt+il=ejtil-] ئېيت + ىل = ئېيتىل ـ

（打→被打） [ur+ul=urul-] ئۇر+ ۇل = ئۇرۇل ـ

（拿→被拿） [al+in=elin-] ئال+ ىن =ئېلىن ـ

（找→被找） [tap+il=tepil-] تاپ + ىل = تېپىل ـ

（做→被做） [qil+in=qilin-] قىل + ىن = قىلىن ـ

（这幅画画得非常好。） بۇ رەسىم بەك ياخشى سىزىلىپتۇ .
[bu rɛsim bɛk jaχʃi siziliptu.]

（班会开始了。） سىنىپ يىغىنى باشلاندى .
[sinip jiʁini baʃlandi.]

（阿依古丽被评选为代表。） ئايگۈل ۋەكىللىككە سايلاندى .
[ajgyl wɛkillikkɛ sajlandi.]

注： [jɛ-][ju-][dɛ-]«ـ دە // ـ يۇ // ـ يە»的被动态形式较特殊，需要单独熟记，如：

（正确）يېيىل ـ （错误） يە ـ ← يەل ـ

（正确）يۇيۇل ـ （错误） يۇ ـ ← يۇل ـ

（正确）دېيىل ـ （错误） دە ـ ← دەل ـ

被动态附加成分一般附加在及物动词的词干上。附加了被动态附加成分的动词均变为不及物动词。主语由表示非生物名词充当时，谓语动词一般要用被动态形式，如：

（这个字怎么写？） بۇ خەت قانداق يېزىلىدۇ ؟
[bu χɛt qandaq jezilidu?]

（衣服被洗了。） كىيىملەر يۇيۇلدى .
[kijimlɛr jujuldi.]

（书被写完了。） كىتاب يېزىلىپ بولدى .
[kitap jezilip boldi.]

3. 使动态

使动态表示行为动作不是主体自己完成，而是主体促使另外的客体（人或物）来进行或完成。动词词干后附加以下四组附加成分构成：

① [-t]« ـ ت »

② [-ʁuz] [-quz] [-gyz] [-kyz] « ـكۈز // ـ گۈز // ـ قۇز // ـ غۇز »

③ [-ur] [-yr] « ـ ۇر // ـ ۈر »

④ [-dur] [-dyr] [-tur] [-tyr] « ـ تۇر // ـ تۈر // ـ دۇر // ـ دۈر »

(1)在以元音或辅音 [-r] [-j] « ـ ي // ـ ر »结尾的多音节词后附加 [-t] « ـ ت »，如：

（读→使读） [oqu+t=oqut-] ئوقۇ+ ت = ئوقۇت ـ

（说→让说） [søzlɛ+t=søzlɛt-] سۆزلە+ ت = سۆزلەت ـ

（增多→使增多） [køpɛj+t=køpɛjt-] كۆپەي +ت = كۆپەيت ـ

（召唤→使召唤） [tʃaqir+t=tʃaqirt-] چاقىر+ ت = چاقىرت ـ

(2)在以元音或辅音 [-r] « ـ ر »结尾的单音节词以及辅音 [-t] « ـ ت » 结尾的动词后，一般附加 [-ʁuz] [-quz] [-gyz] [-kyz] « ـ كۈز // ـ گۈز // ـ قۇز // ـ غۇز »，如：

（吃→让吃） [jɛ+gyz=jegyz-] يە +گۈز = يېگۈز ـ

（洗→使洗） [ju+ʁuz=juʁuz-] يۇ+غۇز= يۇغۇز-

（走→让走） [kɛt+kyz=kɛtkyz-] كەت + كۈز = كەتكۈز-

（躺下→使躺下） [jat+quz=jatquz-] يات+ قۇز= ياتقۇز -

（进去→使进去） [kir+gyz=kirgyz-] كىر+گۈز=كىرگۈز-

（去→让去） [bar+ʁuz=barʁuz-] بار+ غۇز= بارغۇز-

(3)在以辅音[-ʃ][-ʧ]«ـش // ـچ»结尾的单音节动词后，一般附加 [-ur][-yr]«ـۇر // ـۈر»附加成分，如：

（下去→让下去） [ʧyʃ+yr=ʧy̥ʃyr-] چۈش+ ۈر=چۈشۈر -

（喝→使喝下） [iʧ+yr=i̥ʧyr-] ئىچ + ۈر =ئىچۈر -

（熟→使熟） [piʃ+ur=pi̥ʃur-] پىش + ۇر= پىشۇر -

（飞→使飞） [uʧ+ur=u̥ʧur-] ئۇچ + ۇر= ئۇچۇر -

(4)在以 [-l][-m][-n][-z][-p][-s][-q][-k][-g][-ʁ][-ŋ][-ʃ] «ـل // ـم // ـن // ـز // ـپ // ـس // ـق // ـك // ـگ // ـغ // ـڭ // ـش»结尾的动词词干和[-j]«ـي» 结尾的单音节动词词干之后附加[-dur][-dyr][-tur][-tyr]«ـدۇر // ـدۈر // ـتۇر // ـتۈر»，如：

（写→让写） [jaz+dur=jazdur-] ياز+ دۇر= يازدۇر -

（缝制→让缝制） [tik+tyr=ti̥ktyr-] تىك+ تۈر= تىكتۈر -

（笑→使发笑） [kyl+dyr=kyldyr-] كۈل +دۈر=كۈلدۈر -

（穿→让穿） [kij+dyr=kijdyr-] كىي + دۈر=كىيدۈر -

（见面→让见面） [kørysh+tyr=køryʃtyr-] كۆرۈش + تۈر= كۆرۈشتۈر -

（找出→使找出） [tap+tur=taptur-] تاپ + تۇر= تاپتۇر -

（我们使（让）他逗笑了。） بىز ئۇنى كۈلدۈردۇق .
[biz uni kyldyrduq.]

（我让他上学去了。）	مەن ئۇنى مەكتەپكە ماڭدۇردۇم . [mɛn uni mɛktɛpkɛ maŋdurdum.]
（他马上上饭了。）	ئۇ دەرھال تاماق كەلتۈردى . [u dɛrhal tamaq kɛltyrdi.]
（他让他父亲给买了本书。）	ئۇ دادىسىغا كىتاب ئالدۇردى . [u dadisiʁa kitap aldurdi.]

注：①有少数动词的使动态是不规则的，需熟记，如：

[qorq- →qorqut-]　　قورق ـ ← قورقۇت ـ

[qajt- →qajtur-]　　قايت ـ ← قايتۇر ـ

[kør- →kørsɛt-]　　كۆر ـ ← كۆرسەت ـ

②语态附加成分可以重叠使用。即维吾尔语中一个主动态动词词干后，可以连续附加两个甚至三个语态附加成分，如：

主动态+使动态+使动态

[jasa+t+quz=jasatquz-]　　ياسا+ت+قۇز= ياساتقۇز ـ

[køtʃyr+t+kyz=køtʃyrtkyz-]　　كۆچۈر+ت+كۈز=كۆچۈرتكۈز ـ

39.5　练习　كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按动词被动态形式加以变化。

ئاشۇر ـ　ئوقۇ ـ　ماڭ ـ　يە ـ　تۇر ـ

ئەت ـ　ساپلاشتۇر ـ　بار ـ　ئۆزگەر ـ

ياز ـ　پەرقلەن ـ　بەر ـ　قومۇر ـ　كۆر ـ

3）将下列动词按动词使动态形式加以变化。

كېڭەي-　ئوقۇ-　كەل-　يە-　سېسابلا-

ئۆزگەر-　كۆكلە-　بار-　كەت-　بەر-

ياز-　كۆچەي-　كۆتەر-　ماڭ-　نەزەر سال-

كۆر-　ئۈز-

4）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的动词被动态形式填空。

(1) ئىشىك ئاچ-[ ].

(2) بۈگۈن سىنىپ يىغىنى ئاچ-[ ].

(3) بۇ خەت قانداق ياز-[ ]؟

(4) كىيىملەر يۇ-[ ].

(5) كىتاب ياز-[ ] بولدى.

(6) ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا يىغ-[ ].

3）用适当的动词使动态形式填空。

(1) مەن ئۇنى بازارغا ماڭ-[ ].

(2) ئۇ ئانىسىغا چاپان ئال-[ ].

(3) ئاچام مېنى ماڭ-[ ].

(4) بىز ئۇنى كۈل-[ ].

(5) ئۇ بالىنى كارىۋاتقا يات-[ ].

(6) بىز دەرھال تاماق كەل-[ ].

4）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 我经常让他唱歌。

(2) 老师让我做作业了。

(3) 他让孩子吃饭了。

(4) 毕业论文写完了。

(5) 五月份召开教学会议。

(6) 门被打开了。

5）结合课文回答下列问题。

(1) خوتەندىن قايسى مېۋە كۆپ چىقىدۇ ؟

(2) ئانار قانداق مېۋە ؟

(3) ئانار دەرىخى قانداق پەرۋىش قىلىنسا ياخشى ئۆسىدۇ ؟

(4) ئانار چېچىكىدىن نېمە ياسىلىدۇ ؟

(5) ئانار گۈلى شەربىتى قايسى كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ ؟

(6) نېمە ئۈچۈن خوتەن ئانارىنىڭ قىممىتى يۇقىرى ، تەمى تاتلىق بولىدۇ ؟

第 40 课　قىرىقىنچى دەرس

40.1 课文　تېكىست

新疆　شىنجاڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان ، يەر كۆلىمى كەڭ ، بايلىقى مول ، تۇپرىقى مۇنبەت .

شىنجاڭدىن نېفىت ، تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن ،كۇمۇش ، مىس قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ . شىنجاڭدا بۇغداي ، قوناق ، پاختا ، قىچا ، شال ، قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ . ئالما ، نەشپۈت ، شاپتۇل ، ياڭاق ، ئۈزۈم ، ئۆرۈك ، ئەنجۈر ، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر، قوغۇن ـ تاۋۇزلار ۋە ھەرخىل كۆكتاتلار ئۆستۈرىلىدۇ .

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى . قوي ، ئۆچكە ، ئات ، كالا قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ .

شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . ھاۋا دائىم دېگۈدەك ئوچۇق بولىدۇ . يامغۇر ئاز ياغىدۇ. ياز پەسلى ئىسسىق ، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ .

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ بىرى . شىنجاڭدا ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق ، موڭغۇل ، خۇيزۇ

قىرغىز ، شىبە ، ئۆزبېك ، تاتار ، داغۇر ، مانجۇ ، تاجىك ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى . ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مەر ـ كىزى ، شۇنىڭدەك مۇھىم سانائەت شەھىرى .

قۇربان ھېيت　古尔邦节

قۇربان ھېيت —— ھەر يىلى ئىسلام كالىندارى بويىچە 12-ئاينىڭ10- كۈنى باشلىنىپ ئۈچ كۈن داۋام قىلىدىغان ئەڭ چوڭ بايرام . شۇ كۈنى مۇسۇلمانلار سەھەردە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ . ھەربىر ئائىلە بىر ياكى بىر قانچىدىن قوي سويىدۇ . باللار ھېيتلىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ چىرايلىق ياسىنىپ ھېيتلاشقا تەييارلىنىدۇ .

قۇربان ھېيتتا گۆشتىن باشقا ، ياغدا پىشۇرۇلغان ساڭزا ، بوغۇرساق ، توقاچ ، پېچىنە ـ پىرەنىك ، تاتلىق يېمەكلىكلەر ، قەنت ،كەمپۈت ، ھەرخىل مۇراببا ، يازدا ھەرخىل ھۆل مېۋىلەر، قىشتا قۇرۇتۇلغان يەل ـ يېمىشلەر تەييارلىنىپ داستىخانغا تىزىلىدۇ . قۇربان ھېيتتىكى مۇھىم بىر پائالىيەت ئۆز ئارا ھېيتلاش . ئاۋۋال جامائەت كوللېكتىپ ھېيتلايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغقانلار ، تونۇش ـ بىلىشلەر ئۆزئارا ھېيتلايدۇ . كەمبەغەل ، مېيىپ ، تۇل- يېتىم ، قېرى ـ چۆرىلەرنى ھېيتلاش ۋە ئۇلارنى يوقلاش ئەڭ سا- ۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ .

40.2 词语 سۆز - ئىبارىلەر

特殊性；特点；特色	名 [alahidilik]	ئالاھىدىلىك
无花果	名 [ɛnʤyr]	ئەنجۈر
基地	名 [baza]	بازا
喂；养；放牧；养殖	动 [baq-]	باق -
①财富②资源	名 [bajliq]	بايلىق
油果子	名 [boʁursaq]	بوغۇرساق
一些；几个；若干	[bir qantʃɛ]	بىر قانچە
棉花	名 [paχta]	پاختا
点心；甜点	[petʃinɛ-pirɛnik]	پېچىنە - پىرەنىك
塔吉克族	名 [taʤik]	تاجىك
准备	动 [tɛjjɛrla-]	تەييارلا -
小圆馕	名 [toqatʃ]	توقاچ
熟人；朋友	[tonuʃ-biliʃ]	تونۇش - بىلىش
土地肥沃	[tu̥priʁi mumbɛt]*	تۇپرىقى مۇنبەت
亲戚	名 [tu̥qqan]*	تۇغقان
孤儿寡母	[tul-jetim]	تۇل - يېتىم
铁	名 [tømyr]	تۆمۈر
摆；排列；陈列	动 [tiz-]	تىز -
①公众；公共②在同一个伊玛目带领下做礼拜者	名 [ʤamaɛt]	جامائەت
坐落；位于；处于；	动 [ʤajlaʃ-]	جايلاش -

分布			
畜牧	名	[tʃarwa]	چارۋا
畜牧业	名	[tʃarwitʃiliq]	چارۋىچىلىق
特有的；独特的；固有的	形	[χas]	خاس
①餐布②饭	名	[dastiχan]*	داستىخان
继续；持续；延续		[dawam qil-]	داۋام قىل-
几乎；差不多	语气	[degydɛk]	دېگۈدەك
工业	名	[sanaɛt]	سانائەت
劝人为善的；行善的；慈善的	形	[sawapliq]*	ساۋابلىق
早晨；清晨	副	[sɛhɛr]	سەھەر
冷；冷起来；变冷		[soʁuq bol-]	سوغۇق بول-
①政治②政治的	名\形	[sijasi]*	سىياسىي
同时；也是	连	[ʃuniŋdɛk]	شۇنىڭدەك
新疆维吾尔自治区		[ʃindʒaŋ ujʁur aptonom rajoni]	شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
宰羊；杀羊		[qoj soj-]	قوي سوي-
库尔班节；宰牲节		[qurban hejt]	قۇربان ھېيت
晒干	使动	[qurut-]	قۇرۇت-
老弱病残		[qeri-tʃøriler]	قېرى-چۆرىلەر
①油菜②芥菜	名	[qitʃa]*	قىچا
①部分②部；册；编	名	[qisim]*	قىسىم
冬季		[qiʃ pɛsli]*	قىش پەسلى

①历法；历②日历	名	[kalindar]	كالىندار
①矿②盛产某种东西的地方	名	[kan]	كان
矿产		[kan mɛhsulatliri]	كان مەھسۇلاتلىرى
①宽的；宽阔的；宽广的②广大的；广泛的	形	[kɛŋ]	كەڭ
穷；贫穷；贫苦	形	[kɛmbɛʁɛl]	كەمبەغەل
糖；水果糖	名	[kɛmpyt]	كەمپۈت
集体	名\形	[kollektip]	كوللېكتىپ
多民族的		[køp millɛtlik]	كۆپ مىللەتلىك
蔬菜	名	[køktat]	كۆكتات
①面积②规模	名	[kølɛm]	كۆلەم
银；银子	名	[kymyʃ]	كۈمۈش
文化；文明	名	[mɛdɛnijɛt]	مەدەنىيەت
中心；首府；中央	名	[mɛrkɛz]	مەركەز
丰富的；丰盛的	形	[mol]	مول
酱(果)	名	[murapba]*	مۇراببا
①穆斯林；伊斯兰教徒②清真	名	[musulman]	مۇسۇلمان
残疾的	形	[mejip]	مېيىپ
铜	名	[mis]	مىس
①乃玛孜；礼拜②殡礼	名	[namaz]	ناماز
做礼拜		[namaz oqu-]	ناماز ئوقۇ -

石油	名	[nepit]*	نېفت
气候；天气		[hawa kilimat]	ھاۋا كىلىمات
每一个	形	[hɛrbir]	ھەربىر
每年		[hɛr jili]	ھەر يىلى
①湿；潮湿②鲜的	形	[høl]	ھۆل
节日	名	[hejt]	ھېيت
拜年	动	[hejtla-]	ھېيتلا ـ
①过节的；节日的②年货③节日的礼物	形\名	[hejtliq]	ھېيتلىق
山羊	名	[øʃkɛ]*	ئۆچكە
独具特色		[øzigɛ χas alahidilikkɛ igɛ]	ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە
伊斯兰		[i̥slam]*	ئىسلام
①经济②钱	名	[i̥χtisat]*	ئىقتىساد
具有；拥有	名	[igɛ]	ئىگە
夏季		[jaz pɛsli]	ياز پەسلى
油；油脂	名	[jaʁ]	ياغ
下雨		[jamʁur jaʁ-]	يامغۇر ياغ ـ
地大；面积大；地域宽阔		[jɛr kølimi kɛŋ]	يەر كۆلىمى كەڭ
水果；果品		[jɛl-jemiʃ]	يەل ـ يېمىش
看望；探望；拜访	动名	[joqlaʃ]	يوقلاش
食品	名	[jemɛklik]	يېمەكلىك

40.3 语法要点

自反态

自反态表示主体发出的行为动作涉及主体本身，不涉及他人或他物。自反态的构成方式与被动态基本相同，但其意义却不同。有的动词与自反态附加成分中的一个结合可以构成自反态或被动态；而有的动词与 [-l] [-il] [-ul] [-yl]«ـل // ـىل // ـۇل // ـۈل»结合构成被动态；而与 [-n] [-in] [-ul] [-yl]«ـن // ـىن // ـۇل // ـۈل»结合构成自反态，如：

自反态 [u kijinip tʃiqti.] ئۇ كىيىنىپ چىقتى .

（他穿好衣服出来了。）

被动态 [bu kijim bir jil kijildi.] بۇ كىيىم بىر يىل كىيىلدى .

（这件衣服已穿了一年。）

自反态 [baʁdiki gyllɛr etʃildi.] باغدىكى گۈللەر ئېچىلدى .

（花园里的花儿开了。）

被动态 [tʃoŋ zalda jiʁin etʃildi.] چوڭ زالدا يىغىن ئېچىلدى .

（会议在大礼堂召开了。）

自反态 [qizlar tʃirajliq jasandi.] قىزلار چىرايلىق ياساندى .

（姑娘们打扮漂亮了。）

被动态 [kitap dʒazisi jasaldi.] كىتاب جازىسى ياسالدى .

（书架做好了。）

被动态 [tapʃuruqlar iʃlɛndi.] تاپشۇرۇقلار ئىشلەندى .

（作业已完成了。）

自反态 [u jujundi.] ئۇ يۇيۇندى .
（他洗澡了。）

被动态 [kir jujuldi.] كىر يۇيۇلدى .
（脏衣物被洗了。）

被动态 [kitap oquldi.] كىتاب ئوقۇلدى .
（书被看过了。）

无论词干是否具有及物意义，凡附加了自反态附加成分的动词均为不及物动词。动词变化中所表示的自反意义或被动意义，在许多情况下，只有借助具体的上下文才可确定。

40.4 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按动词被动态、使动态形式加以变化。

باق-	ناماز ئوقۇ-	كەل-	يە-	قوي سوي-
ئەت-	تەييارلا-	بار-	داۋام قىل-	بەر-
ياز-	پەرقلەن-	جايلاش-	ماڭ-	ھېيتلا-
كۆر-	تىز-	كەت-	سوغۇق بول-	يامغۇر ياغ-

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1） 听写本课词语。

2）用适当的动词被动态、使动态、自反态形式填空。

(1) باغدىكى گۈللەر ئاچ ـ [ ].
(2) ئانارگۈل ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ سايلا ـ[ ].
(3) ئۇ بالىغا دورا يە ـ [ ].
(4) ئانام پولاتنى مەكتەپكە ماڭ ـ [ ].
(5) بۈگۈن چوڭ زالدا يىغىن ئاچ ـ[ ].
(6) رەنا ئۆيگە كىرىپ قىلىن چاپان كىي ـ[ ] چىقتى.
(7) بۇ كىيىم بەك ئۇزۇن كىي ـ [ ].
(8) تۈنۈگۈن ساۋاقداشلار پولاتقا ئىككى ناخشا ئېيت ـ [ ].
(9) بايرامدا قىزلار چىرايلىق ياسا ـ [ ].
(10) مەن بۈگۈن كەچتە يۇ ـ [ ].

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 我经常让他说维吾尔语。
(2) 老师让我回答问题了。
(3) 他让孩子穿衣服了。
(4) 他穿好衣服就出去了。
(5) 办公室里的花儿开花了。
(6) 我现在洗澡。

4）结合课文回答下列问题。

(1) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەيەرگە جايلاشقان؟ يەر كۆلىمى قانداق؟
(2) شىنجاڭدا قانداق كان بايلىقلىرى بار؟ قانداق زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ؟
(3) شىنجاڭدا قانداق چارۋىلار بېقىلىدۇ؟

(4) شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ؟
(5) شىنجاڭدا قايسى مىللەتلەر بار ؟
(6) قۇربان ھېيت قانداق بايرام ؟
(7) قۇربان ھېيتنى ئۇيغۇرلار قانداق ئۆتكۈزىدۇ ؟
(8) قۇربان ھېيتتا گۆشتىن باشقا يەنە قانداق يېمەكلىكلەر تەييارلىنىدۇ ؟
(9) قۇربان ھېيتتا قانداق پائالىيەتلەر بولىدۇ ؟

قىرىق بىرىنچى دەرس 第41课

41.1 课文 تېكست

两个朋友 ئىككى دوست

تاھىر بىلەن غەيرەت ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار سىنىپقا بىللە بېرىپ بىللە قايتاتتى. بىرلىكتە ئويناپ، بىرلىكتە دەرس تەكرارلايتتى. ئىمتىھان ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار ئادىتى بويىچە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن يالغۇز غەيرەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناپ يۈرۈۋەردى. ئۇ تايىرغا «تورغا چىقىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناپ كېلەيلى» دېگەنىدى، تاھىر «دەرس تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن بارايلى، سەنمۇ ئاۋۋال دەرسلەرنى تەكرارلىۋالغىن» دېدى. بىراق غەيرەت ئۇ- نىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، «نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلمەن، سېنىڭ بۇيرۇق بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ خاپا بولۇپ تاھىر- نىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى، دەرسمۇ تەكرارلىمىدى.

بىر كۈنى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» مۇئەللىمى سى- نىپقا كىرىپ: «ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. شۇ قاتاردا غەيرەتمۇ قولىنى كۆتۈردى. لېكىن دەرسنى تەكرار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىر دەمدىلا قولىنى چۈشۈرۈۋالدى.

مۇئەللىم بۇنى كۆرۈپ : « سىز دەرسلەرنى تەكرارلاپ بولـ
دىڭىزمۇ ؟ » دەپ سورىدى . شۇ چاغدا تاھىر ئورنىدىن تۇ-
رۇپ « ئۇ ھېچقايسى دەرسنى تەكرارلىمىدى » دېدى . بۇنى
ئاڭلاپ غەيرەتنىڭ يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى . ناھايىتى
ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكتىن ، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى .

ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈپ ياتاقلىرىغا قايتىشتى .
غەيرەت ھېلىقى ئىش ئۈچۈن تاھىرغا قېيداپ گەپ قىلماي
ئۆزى يالغۇز ياتاققا كەتتى . تاھىر « يامان بولدى ، غەيرەت
ئەمدى مېنى ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ . ئەمدى ئارىمىز يىراقلىـ
شىپ قالىدىغان بولدى . ياق ، مەن ئۇنىڭغا دوستانە پىكرىمنى
بېرىشىم كېرەك » دەپ ئويلىدى . ئەتىسى كەچقۇرۇن تاھىر
ياتاقتا دەرس تەكرارلاۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنىڭ چېـ
كىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . تاھىر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى
ئېچىپلا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى . قارىسا دوستى غەيرەت
ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن . ئىككىسى قول سىقىشىپ كۆرۈشتى .
تاھىر بىلەن غەيرەتنىڭ دوستلۇقى يەنە ئاۋالقى ھالغا كەلـ
دى . كۆپ ئۆتمەي ئىمتىھان باشلاندى . غەيرەت ئىمتىھانـ
دىن ياخشى ئۆتتى .

بىر كۈنى غەيرەت تاھىرغا « رەھمەت ساڭا !» دېدى . تاـ
ھىر ھەيران بولۇپ: « نېمە ئۈچۈن ؟ » دەپ سورىغاندا ، غەيـ
رەت « بارلىق ئىش ئۈچۈن ! » دەپ جاۋاب بەردى .

تاھىر كۈلدى ۋە غەيرەتنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى . بۇ
كۈلۈش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ، ئىناقلىقنى تېخىـ
مۇ مۇستەھكەملىگەندەك بولدى .

肉孜节（开斋节） روزا ھېيت

روزا ھېيتمۇ قۇربان ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام . مۇ-سۇلمانلار ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتىدۇ . ھەر كۈنى تاڭ يو-رۇشتىن ئاۋۋال بىر ۋاق ، كەچتە كۈن پاتقاندىن كېيىن بىر ۋاق تاماق يەيدۇ . كۈندۈزى بىر نەرسە يېيىش ، سۇ ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ .

مەيلى قۇربان ھېيت بولسۇن ، مەيلى روزا ھېيت بولسۇن ھەر يىلى ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئادەتتە مىلادىيە يىلى365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ . ھىجرىيە يىلى 354 كۈن سەككىز سائەت 48 مىنوت بولىدۇ . شۇنداق بولغاندا ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلىدىن ئون كۈن 21 سائەت كەم بولىدۇ . شۇڭلاشقا ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلىدىن ھەر يىلدا ئون كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى كېلىدۇ . شۇڭا ئىسلام كالىندارىدىكى بايراملارنىڭ ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ . بەزىدە يازدا كەلسە ، بەزىدە قىشتا كېلىدۇ .

41.2 词语 سۆز ـ ئىبارىلەر

之间；中间；相互关系	名 [ara]	ئارا
提前	[aldiʁa syr-]	ئالدىغا سۈر-
以前的	形 [awalqi]*	ئاۋۋالقى

①刚刚；现在；如今②这下；接下来③表示强调语气	副	[εmdi]	ئەمدى
一切；所有的事		[barliq iʃ]	بارلىق ئىش
下令；命令		[bujruq bεr-]	بۇيرۇق بەر-
一会儿		[bir dεm]	بىر دەم
有一天		[bir kyni]	بىر كۈنى
一起；共同		[birliktε]	بىرلىكتە
一顿		[bir waχ]*	بىر ۋاق
①一句②一口		[bir eʁiz]	بىر ئېغىز
知道;了解;认识;会;懂	动	[bil-]	بىل-
提意见		[pi̥kir bεr-]*	پىكىر بەر-
天亮		[taŋ joru-]	تاڭ يورۇ-
塔依尔(男名)	名	[tajir]*	تاھىر
使放下；使降下；使卸下	使动	[tʃy̥ʃyr-]*	چۈشۈر-
出去		[tʃi̥qip kεt-]*	چىقىپ كەت-
生气；发怒；动气		[χapa bol-]	خاپا بول-
复习功课		[dεrs tεkrarla-]	دەرس تەكرارلا-
封斋		[roza tut-]	روزا تۇت-
肉孜节		[roza hejt]	روزا ھېيت
讲话；说话；发表演说		[søz qil-]	سۆز قىل-
秒	量	[sekunt]	سېكۇنت
当即；立即；当时		[ʃu tʃaʁda]	شۇ چاغدا
其中		[ʃu qatarda]	شۇ قاتاردا
因此；因而；所以	连	[ʃuŋlaʃqa]	شۇڭلاشقا

那样的话；那么		[ʃundaq bolʁanda]	شۇنداق بولغاندا
握手		[qol siq-]	قول سىق -
举手		[qol køtyr-]	قول كۆتۈر -
听；听取		[qulaq sal-]	قۇلاق سال -
身边；旁边	名	[qeʃi]	قېشى
赌气；闹别扭	动	[qejida-]	قېيىدا -
鲜红的；绯红的；红艳艳的；红扑扑的	形	[qipqizil]	قىپقىزىل
①变红②害臊；害羞		[qizirip kɛt-]	قىزىرىپ كەت -
傍晚；晚上	名\副	[kɛʃqurun]*	كەچقۇرۇن
①少；差；缺②缺少；短缺；欠缺	形	[kɛm]	كەم
多一点	形	[køprɛk]	كۆپرەك
没过多久；不久		[køp øtmɛj]	كۆپ ئۆتمەي
见面；会见；会面；见面；相见	动	[køryʃ-]	كۆرۈش -
笑；微笑	动	[kyl-]	كۈل -
落日		[kyn pat-]	كۈن پات -
投入到……当中去		[kiriʃip kɛt-]	كىرىشىپ كەت -
说话；讲话		[gɛp qil-]	گەپ قىل -
但是	连	[lekin]	لېكىن
禁止		[mɛni qil-]	مەنئى قىل -
巩固；加固	动	[mustɛhkɛmlɛ-]	مۇستەھكەملە -

公元；纪元	名	[miladijɛ]	ميلادىيە
没有必要		[hadʒiti joq]	ھاجىتى يوق
现代的；当代的		[hazirqi zaman]	ھازىرقى زامان
惊呆；发愣；目瞪口呆		[haŋ-taŋ bol-]	ھاڭ ـ تاڭ بول ـ
大家；大伙	代	[hɛmmɛjlɛn]	ھەممەيلەن
无论哪一个；谁都；谁也	代	[heʃqajsi]*	ھېچقايسى
希吉利亚；回历	名	[hidʒirijɛ]*	ھىجرىيە
之间	名	[ottura]	ئوتتۇرا
相同的；相似的；同等的；一样的	形	[oχʃaʃ]	ئوخشاش
相同；相似；一样		[oχʃaʃ bol-]	ئوخشاش بول ـ
①想；思索；考虑；意料②认为；以为	动	[ojla-]	ئويلا ـ
突然；猛然	副	[u̥ʃtumtut]*	ئۇشتۇمتۇت
上(课)	动	[øt-]	ئۆت ـ
电子游戏		[elektironluq ojun]*	ئېلېكترونلۇق ئويۇن
害羞；害臊；不好意思		[iza tartip kɛt-]	ئىزا تارتىپ كەت ـ
伊斯兰日历		[i̥slam kalindari]*	ئىسلام كالىندارى
敲门		[i̥ʃikni tʃɛk-]*	ئىشىكنى چەك ـ
开门		[i̥ʃikni atʃ-]*	ئىشىكنى ئاچ ـ
过去；以前；原先	副	[ilgiri]	ئىلگىرى
和睦关系；亲善关系	名	[inaqliq]	ئىناقلىق
不行；不好	叹	[jaq]	ياق
不好了；糟了		[jaman bol-]	يامان بول ـ

脸；脸蛋；面孔；脸色 名 [jyz] يۈز

跑过去 [jygyryp berip] يۈگۈرۈپ بېرىپ

①近；接近；相近；临近②亲近；亲密 形 [jeqin] يېقىن

疏远 [jiraqliʃip qal-] يىراقلىشىپ قال ـ

41.3 词语用法说明

[peti] پېتى

[peti] پېتى 与形动词连用，充当句子的状语。表示后一个动作按前一个动作的状态下进行，如：

(他生气地从塔依尔那儿走了。) ئۇ خاپا بولغان پېتى تاھىرنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى .
[u χapa bolʁan peti tajirniŋ qeʃidin ʧiqip kɛtti .]

(他哭着从家里出去了。) ئۇ يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
[u jiʁliʁan peti øjdin ʧiqip kɛtti .]

41.4 语法要点

交互共同态

交互共同态表示两个或两个以上的主体相互或共同完成的动作。在动词词干后附加 [-ʃ] [-iʃ] [-uʃ] [-yʃ] «ـ ش // ـ ىش // ـ ۇش // ـ ۈش» 附加成分构成。其构成方法要遵循元音与辅音的搭配规律和元音和谐规律，如：

(说→交谈；会谈) [søzlɛ+ʃ=søzlɛʃ-] سۆزلە + ش = سۆزلەش ـ

(写→共同写) [jaz+iʃ=jeziʃ-] ياز + ىش = يېزىش ـ

(打→互相打；打架) [ur+uʃ=uruʃ-] ئۇر + ئۇش = ئۇرۇش ـ

（看→互相看；会见）　[kør+yʃ=køryʃ-]　　كۆر + ۈش = كۆرۈش -
（笑→同时笑（一起笑））　[kyl+yʃ=kylyʃ-]　　كۈل + ۈش = كۈلۈش -

（他们谈了很久。）　ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى .
[ular uzaq søzlɛʃti .]

（我们在乌鲁木齐见面了。）　بىز ئۈرۈمچىدە كۆرۈشتۇق .
[biz yrymʧidɛ køryʃtuq .]

（工人们上班去了。）　ئىشچىلار ئىشقا مېڭىشتى .
[iʃʧilar iʃqa meŋiʃti .]

（他们在这个问题上讨论了很久。）　ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق مۇزاكىرە قىلىشتى .
[ular bu mɛsilɛ ystidɛ uzaq muzakirɛ qiliʃti .]

（我帮你拿这些东西吧。）　مەن بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەي .
[mɛn bu nɛrsilɛrni køtyryʃyp berɛj .]

41.5　练习　كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）将下列动词按动词被动态、使动态、交互共同态形式加以变化。

ئالدىغا سۈر-　ئويلا-　كەل-　قول كۆتۈر-　كۆرۈش-
بۇيرۇق بەر-　چۈشۈر-　بار-　قۇلاق سال-　كۈل-
ياز-　خاپا بول-　گەپ قىل-　ماڭ-　پىكىر بەر-
كۆر-　تىز-　روزا تۇت-　قېيىدا-　كىرىشىپ كەت-

بىل ـ چىقىپ كەت ـ سۆز قىل ـ قىزىرىپ كەت ـ مەنئى قىل ـ

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）用适当的动词交互共同态形式填空。

(1) مەن ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كۆر ـ [   ].

(2) سىز ماڭا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈر ـ [   ]بېرەمسىز؟

(3) بىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلە ـ [   ].

(4) ساۋاقداشلار دەرسكە ماڭ ـ [   ].

(5) ئادىل بىلەن ئالىم بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەيداندا توپ ئوينا ـ [   ].

(6) رەنا بىلەن باھارگۈل ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ـ [   ].

(7) ئۇلار بىر ـ بىرىگە خەت ياز ـ [   ].

(8) رەنا بىلەن باھارگۈل ئۆگىنىشتە بىر ـ بىرىگە ياردەم بەر ـ [   ].

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 你和老师们见面了吗？

(2) 孩子们穿上了衣服。

(3) 我帮你抱抱孩子吧。

(4) 热娜她们谈了很久。

(5) 他们互相通信了。

(6) 我们在生活上互相关心。

4）结合课文回答下列问题。

(1) تاھىر بىلەن غەيرەت قانداق دوستلار ئىدى ؟

(2) غەيرەت تاھىردىن نېمە ئۈچۈن رەنجىپ قالدى ؟

(3) ئۇنىڭ رەنجىشى توغرىمۇ ؟

(4) ئاخىرىدا قانداق بولدى ؟

(5) سىز دوستىڭىز بىلەن قانداق ئۆتىسىز ؟

(6) ئۇقۇشماسلىق（误会）بولۇپ قالسا، قانداق قىلىش كېرەك ؟

(7) مۇسۇلمانلار روزىنى قانچە ۋاقىت تۇتىدۇ ؟

(8) روزىدا قايسى ئىشلار مەنئى قىلىنىدۇ ؟

(9) قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيت ھەر يىلى ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

第 42 课　قىرىق ئىككىنچى دەرس

42.1　课文 تېكىست

两封信　ئىككى پارچە سالام خەت

(1)

سالام خەت

يۈسۈپ ئاكا !

كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزۇن بولدى . تاغام ھەم ھامماملار سالامەت تۇرغاندۇ ؟ ھەممىڭلارغا يەنىمۇ سالامەتلىك تىلەيمەن .

بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر —— دادام ، ئاپام باشلىق ھەممىمىز سالامەت تۇرىۋاتىمىز . ئاپام يېقىندا ساقىسىز بولۇپ قالغانىدى . نەچچە كۈن داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ كەتتى . ھازىر ئىشقا بېرىۋاتىدۇ.

ئاكا ئۆگىنىش نەتىجىڭىز ياخشىدۇ ؟ سىزنىڭ ياخشى ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . ئۆزۈم ھەققىدە سىزگە شۇنى ئېيتماقچىمەن .

مەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچتۈم . چوڭ يىغىندا نۇرغۇن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا مېنىڭمۇ ئىس-

مىم چىقتى . بىلەمسىز ، مەن قانچىلىك خۇشال بولدۇم ! ...
مەن شۇ چاغدا ئۆز- ئۆزۈمگە « داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ ،
ئەلاچى دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنى قولدىن بەرمەيمەن » دې-
دىم . بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئىدى . بىز يېقىندا مەكتىپىمىز
بويىچە ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەترەت كۈنى ئۆتكۈزدۇق .بۇ قې-
تىمقى ئەترەت كۈنىمىز ئالاھىدە ياخشى ئۆتتى . بۇ پائالىيەتكە
مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتناشقاندىن
تاشقىرى ، يەنە تەكلىپ بويىچە ئاتاقلىق يازغۇچىلار ،كومپوزى-
تورلار ۋە كىنو ئارتىستلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى . ئۇلار
بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تەپسىلىي سۆز-
لەپ بەردى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى سۆزلىرىدە ، بىرەر ساھەدە
نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن كىچىكىدىن تارتىپ جاپاغا چىداپ
تىرىشىپ ئۆگىنىش ، ئاز-تولا نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلەنمەس-
لىك ، داۋاملىق ماھارەتنى ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى ئالاھىدە
تەكىتلىدى . مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىنتايىن چوڭقۇر
تەربىيىگە ئىگە بولدۇم .

ئاكا ، سىزدە ۋە مەكتەپىڭلاردا قانداق يېڭىلىقلار بار ؟
خېتىڭىزدە ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ .

سىزگە سالامەتلىك تىلەپ
سىڭلىڭىز سائادەت
2005 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

بىزنىڭ ئائىلە 我们的家

بىزنىڭ ئۆيىمىزدە بوۋام ، دادام ، ئانام ، ئاكام ، يەڭگەم ۋە مەن بولۇپ ئالتە جان بار . بۇرۇن مەن كىچىك چاغلاردا دادام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيتتى . ھازىر پېنسىيىگە چىقتى . ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ ، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. دادام ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن . ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەن . ئانام ئەسلىدە يەسلىدە ئىشلەيتتى . ھازىر تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ مال ساتقۇچىسى بولدى .

ئاكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى . ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە خىزمەتكە كىردى .

بوۋام ھازىر 70 ياشقا كىردى . ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس . مومام بۇلتۇر جىگەر راكى كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى . تاغام يېزىدا دېھقان . ئۇ تراكتورچى . بۇلتۇر مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن يېزىغا بېرىپ ، تاغاملارنى يوقلىدىم . يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ، يېزىلار ئىسلاھات ئېلىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . تاغاملارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ .

42.2　词语　سۆز ـ ئىبارىلەر

多少；或多或少		[az-tola]	ئاز ـ تولا
队	名	[ɛtrɛt]	ئەترەت
原来；原先	副	[ɛslidɛ]	ئەسلىدە
优等生；优秀生	形\名	[ɛlatʃi]	ئەلاچى
优秀成绩		[ɛla nɛtidʒɛ]	ئەلا نەتىجە
为首的；带领的	形	[baʃliq]	باشلىق
去年	副	[bultur]	بۇلتۇر
①某；某一个 ②个把；一个半个	代	[birɛr]	بىرەر
一方面		[bir tɛrɛptin]	بىر تەرەپتىن
几年以来		[birnɛtʃtʃɛ jildin bujan]	بىرنەچچە يىلدىن بۇيان
①块；片；张 ②篇；本；封	量	[partʃɛ]	پارچە
毕业；完成	使动	[pytkyz-]*	پۈتكۈز ـ
退休		[pensijigɛ tʃiq-]	پېنسىيىگە چىق ـ
①外；外面 ②以外；之外	形	[taʃqiri]	تاشقىرى
详细；仔细	形	[tɛpsili]*	تەپسىلىي
教育；教养；修养	名	[tɛrbijɛ]	تەربىيە
邀请；聘请	名	[tɛklip]	تەكلىپ
强调；重申；着重	动	[tɛkitlɛ-]	تەكىتلە ـ

拖拉机手	名	[tiraktortʃi]*	تراكتورچى
学习机会		[oqu̥ʃ pursiti]*	ئوقۇش پۇرسىتى
初中		[toluqsiz ottura mɛktɛp]	تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ
高中		[toluq ottura mɛktɛp]	تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ
努力学习；刻苦学习		[tiriʃip øgɛn-]	تىرىشىپ ئۆگەن -
吃苦；刻苦		[ʤapaʁa tʃida-]	جاپاغا چىدا -
肝癌		[ʤigɛr raki]	جىگەر راكى
人民解放军		[χɛlq azatliq armijisi]*	خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
人民政府		[χɛlq høkymiti]	خەلق ھۆكۈمىتى
很长时间了		[χeli uzun boldi]	خېلى ئۇزۇن بولدى
参加工作		[χiʃmɛtkɛ qatnaʃ-]	خىزمەتكە قاتناش -
参加工作；去工作		[χizmɛtkɛ kir-]	خىزمەتكە كىر-
继续努力		[dawamliq tiriʃ-]	داۋاملىق تىرىش -
幸福；福气；女名	名	[saadɛt]	سائادەت
身体不太好；身体有病		[saqsiz bolup qal-]	ساقسىز بولۇپ قال -
祝健康		[salamɛtlik tilɛ-]	سالامەتلىك تىلە -
问候信；平安家信		[salam χɛt]	سالام خەت

界；领域	名	[sahɛ]	ساھە
法院		[sot mɛhkimisi]	سوت مەھكىمىسى
光荣的	形	[ʃɛrɛplik]	شەرەپلىك
于是		[ʃuniŋ bilɛn]	شۇنىڭ بىلەن
①作为；当作 ②像……一样	后	[qatarida]	قاتارىدا
满意；感到满意；满足；感到满足	动	[qanaɛtlɛn-]	قانائەتلەن ـ
多么地；多；好多	代\副	[qantʃilik]	قانچىلىك
不放弃；不失去；不放过；保持		[qoldin bɛrmɛ-]	قولدىن بەرمە ـ
面貌；面容；面目；外貌	名	[qijapɛt]	قىياپەت
难得；困难的	形	[qijin]	قىيىن
作曲家	名	[kompozitur]	كومپوزىتور
①搬；迁②转；升	动	[køtʃ-]	كۆچ ـ
小时侯		[kitʃik tʃaʁlarda]*	كىچىك چاغلاردا
从小		[kitʃigidin tartip]*	كىچىكىدىن تارتىپ
电影演员		[kino artisliri]*	كىنو ئارتىستلىرى
售货员		[mal satqutʃi]	مال ساتقۇچى
提高技能		[maharɛtni østyryʃ]	ماھارەتنى ئۆستۈرۈش
技能；技艺；技巧；本领	名	[maharɛt]	ماھارەت

①名称；称号；名义 ②名望；名声	名	[nam]	نام
县的	形	[nahijilik]	ناھىيىلىك
做出成绩		[nɛtiʤɛ jarat-]	نەتىجە يارات -
几天		[nɛtʃtʃɛ kyn]	نەچچە كۈن
多；很多；许多	形	[nurʁun]	نۇرغۇن
姑姑；姑妈；姑母；姨；姨妈	名	[hamma]	ھامما
退役		[hɛrbi sɛptin qajt-]*	ھەربىي سەپتىن قايت -
关于；论	后	[hɛqqidɛ]	ھەققىدە
师生们		[oqutquʧi - oquʁuʧilar]	ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار
发生变化		[øzgiriʃ bol-]	ئۆزگىرىش بول -
自言自语		[øz - øzymgɛ]	ئۆز - ئۆزۈمگە
成长过程		[øsyp jetiliʃ ʤɛrjani]	ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى
逝世；去世		[wapat bol-]	ۋاپات بول -
我要说；我要讲		[ejtmaqʧimɛn]	ېيتماقچىمەن
团员		[i̥ttipaq ɛzaliri]*	ئىتتىپاق ئەزالىرى
进行改革		[i̥slahat elip bar-]*	ئىسلاھات ئېلىپ بار -
相信；信	动	[i̥ʃɛn-]*	ئىشەن -
上班；去工作		[i̥ʃqa bar-]*	ئىشقا بار -
变好；见好		[jaχʃi bolup kɛt-]	ياخشى بولۇپ كەت -

作家	名	[jazʁutʃi]	يازغۇچى
①嫂子；嫂②大嫂；大婶③喜娘	名	[jɛŋgɛ]	يەڭگە
再；更加	副	[jɛnimu]	يەنىمۇ
心里话		[jyrɛk søz]	يۈرەك سۆز
玉素甫(男名)	名	[jysyp]	يۈسۈپ
①最近；不久前②近处	副	[jeqinda]	يېقىندا
近的；最近的	形	[jeqinqi]	يېقىنقى
新东西；新事物；新鲜事	名	[jeŋiliq]	يېڭىلىق

42.3　词语用法说明

[bolup]« بولۇپ »

[bolup]« بولۇپ »是动词[bol]«بول-»的副动词形式，在句中与静词性谓语连用充当系助动词，起连接词组或分句的作用，如：

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ ، تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئىكەن.

[u kitʃik waqtida ailisi nahajiti kɛmbɛʁɛl bolup , turmuʃi nahajiti qijin ikɛn .]

(他小的时候家里很穷，生活很困难。)

بىزنىڭ ئۆيىمىزدە دادام، ئانام، ئاكام ۋە مەن بولۇپ ، تۆت جان بار .

[bizniŋ øjimizdɛ dadam，anam，akam wɛ mɛn bolup，tøt dʒan bar.]

(我们家有父亲、母亲、哥哥和我四口人。)

42.4　语法要点

句子成分

句子由词和词组构成。按其构成情况，可以分为单句和复句。单句中的词和词组根据它们在句中的位置和作用，可以划分为主语、谓语、宾语、定语、状语和特殊成分。

(1) 主语

主语是句子当中被陈述的对像，可以回答[nemɛ][kim][qɛjɛr] « نېمە // كىم // قەيەر » 的问题，如：

(他去上学了。)　　　ئۇ ئوقۇشقا كەتتى .

[u oqụʃqa kɛtti.]

(马木提在学校工作。)　　　مامۇت مەكتەپتە ئىشلەيدۇ .

[mamut mɛktɛptɛ iʃlɛjdu.]

(这是学校。)　　　بۇ مەكتەپ .

[bu mɛktɛp.]

(学习是我们的任务。)　　　ئۆگىنىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز .

[øginiʃ bizniŋ wɛzipimiz.]

(2) 谓语

谓语是句子中对主语加以陈述的部分，可以回答[nemɛ boldi][kim bolidu][qandaq] « نېمە بولدى // كىم بولىدۇ // قانداق » 等问题。维吾尔语中谓语的特点是在人称上要与主语保持一致关系，即便主语不出现，从谓语的人称上也可以确定主语的人称。谓语主要是由动词、名词（包括动名词）、形容词、代词、数词或各种词组构成，如：

（他去上学了。） ئۇ ئوقۇشقا كەتتى .
[u oqu̥ʃqa kɛtti.]

（那个人是谁？） ھېلىقى ئادەم كىم ؟
[heliqi adɛm kim?]

（这是学校。） بۇ مەكتەپ .
[bu mɛktɛp.]

（他有四个孩子。） ئۇنىڭ بالىسى تۆت .
[uniŋ balisi tøt.]

（这支笔是我哥哥给的。） بۇ قەلەمنى ئاكام بەرگەنىدى .
[bu qɛlɛmni akam bɛrgɛnidi.]

(3) 宾语

宾语表示动作所涉及的对像，可以回答 « نېمىنى // كىمنى » [nemini] [kimni] 等问题。宾语主要由名词（包括动名词）、代词、名词化的其他词类及各种词组构成。宾格附加成分是宾语的形式标志，但宾格附加成分有时可以省略，如：

（我复习好功课了。） مەن دەرسنى تەكرارلاپ بولدۇم .
[mɛn dɛrsni tɛkrarlap boldum.]

（我喜欢这本书。） مەن بۇ كىتابنى ياخشى كۆرىمەن .
[mɛn bu ki̥tapni jaχʃi kørimɛn.]

（你选谁了？） سەن كىمنى سايلىدىڭ ؟
[sɛn kimni sajlidiŋ?]

（我看电影了。） مەن كىنو كۆردۇم .
[mɛn kino kørdym.]

（我买了本词典。） مەن لۇغەت سېتىۋالدىم .
[mɛn luʁɛt setiwaldim.]

(4) 定语

限定或修饰主语、静词性谓语、宾语的句子成分，可以回答 «كىمنىڭ // قانچە // قانداق // قەيەرنىڭ // نېمىنىڭ // نەچچىنچى» [kimniŋ] [qantʃɛ] [qandaq] [qɛjɛrniŋ] [neminiŋ] [nɛtʃtʃintʃi] 等问题。定语主要由名词、形容词、数词、代词、形动词、摹拟词或各种词组构成，如：

(我的母亲是教师。) مېنىڭ ئانام ئوقۇتقۇچى .
[meniŋ anam oqutqutʃi.]

(他是个善良的人。) ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم .
[u aq kønyl adɛm.]

(他借给我两本书。) ئۇ ماڭا ئىككى كىتاب ئارىيەت بەردى .
[u maŋa ikki kitap arijɛt bɛrdi.]

(您把那本书给我。) سىز ئاۋۇ دەپتەرنى ماڭا بېرىڭ .
[siz awu dɛptɛrni maŋa beriŋ.]

(5) 状语

修饰或说明动词谓语或形容词谓语的句子成分，它可以回答 [nemɛ ytʃyn] [qatʃan] [qandaq] [qatʃanʁitʃɛ] [nɛgɛ] [nemɛ bilɛn] [nɛdin] «نېمە ئۈچۈن // قاچان // قانداق // قاچانغىچە // نەگە // نېمە بىلەن // نەدىن» 等问题。状语主要由副词、形容词、名词、摹拟词或各种词组构成，如：

(他写的字很好看。) ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ .
[u χɛtni tʃirajliq jazidu.]

(他去教室了。) ئۇ سىنىپقا كەتتى .
[u sinipqa kɛtti.]

(他正跑着来。) ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ .
[u jygyryp keliwatidu.]

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . （他在学校上学。）

[u mɛktɛptɛ oqujdu.]

42.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）请分析句子成分。

(1) بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمىز .

(2) بۇ كىتاب ياخشى .

(3) مەن ئاۋۇ چاپاننى ئالىمەن .

(4) بىزنىڭ سىنىپتا ئوتتۇز ئوقۇغۇچى بار .

(5) ئۇلار خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ .

(6) ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ .

(7) ئۇ ماڭا ئىككى كىتاب ئارىيەت بەردى .

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）将下列句子翻译成汉文。

(1) مەن ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كۆرۈشتۇم .

(2) سىز ماڭا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەمسىز ؟

(3) بىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلەشتۇق .

(4) مومام دائىم ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ .

(5) دوستۇمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياخشى چىقىدۇ.

(6) بۇ يىل مەن بېيجىڭغا باردىم.

(7) مەن بۇيىل يىگىرمە ياشقا كىردىم.

(8) بىزنىڭ مەكتىپىمىز بەك ياخشى.

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 做完作业后上网玩游戏。

(2) 这本书我一天就能看完。

(3) 我奶奶因心脏病去世了。

(4) 哥哥和姐姐不让我去上网玩游戏。

(5) 爷爷的身体不太好。

(6) 现在我们的生活非常好。

4）结合课文回答下列问题。

(1) سائادەت ئاكىسىغا خېتىدە نېمىلەرنى يازغان؟

(2) ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر سالامەتمىكەن؟

(3) ئۇنىڭ ئۆگىنىشى قانداق ئىكەن؟

(4) ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە قانداق پائالىيەت بولۇپتۇ؟

(5) سىزنىڭ ئائىلىڭىزدە كىملەر بار؟

(6) دادىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

(7) ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

(8) ئاكىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟

(9) بوۋىڭىز بىلەن مومىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟

(10) ھازىر يېزىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

第 43 课　　قىرىق ئۈچىنچى دەرس

43.1 课文　　تېكىست

两封信　　ئىككى پارچە سالام خەت

(2)

سالام خەت

سىڭلىم سائادەت !

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، ئائىلىدىكى ھەممىمىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق . سىزنى ئەلا نەتىجىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن . ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك داۋاملىق ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن . دادام ھەم ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ، غەم قىلماڭ .

ئۆزۈم ھەققىدە ھازىرچە سىزگە يازغۇدەك ئالاھىدە يېڭىلىق يوق . مېنىڭ بۇيىل ھەممە پەنلەردىكى ئورتاق نەتىجەم 88 دىن يۇقىرى بولدى . ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن . ئۆتكەن ھەپتىدە فاكولتېتىمىز بويىچە ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق . بۇ پائالىيەتكە فاكولتېتىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتناشقاندىن سىرت

يەنە ، قوشنا فاكولتېت ۋە بەزى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر تەكلىپ بويىچە قاتناشتى . بىز بۇ كۈنى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان شانلىق ئەسەرلىرى بىلەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشتۇق .

لۇتپۇلا مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى ئىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغانىكەن . ئۇ 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇغان ۋە 1941 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە « شىنجاڭ گېزىتى » ئىدارىسىدە ئىشلىگەنىكەن . بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي شېئىرلارنى يېزىپ ، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشكە مۇناسىپ تۆھپە قوشقانىكەن . 1943 ـ يىلى « ئاقسۇ گېزىتى » گە يۆتكىلىپ ، ئىنقىلابىي پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرغان . 1945 ـ يىلى گومىنداڭغا قارشى تەشكىلات قۇرۇپ ، دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەشكىللەۋاتقاندا ، بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان . شۇ يىلى 9 ـ ئايدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانىكەن.

بىز بىر تەرەپتىن ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىلىرىگە باي بولغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدۇق . مەن شائىرنىڭ « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى » دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدىم . خاتىرىلەش پائالىيىتىمىز باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن ۋە ئىنتايىن ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى.

يەنە يازىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى . كېيىنكى خەتلىرىمدە يازاي . ئەڭ ئاخىرىدا ، تاغام ھەم ھاممامغا

مەندىن ئالاھىدە سالام ئېيتىپ قويىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن .
داۋاملىق ئىلگىرىلىشىڭىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ :

ئاكىڭىز يۈسۈپ
2005 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال

43.2　词语　سۆز ـ ئىبارىلەر

阿克苏日报		[《aqsu geziti》]	« ئاقسۇ گېزىتى »
最后；最终		[ɛŋ aχirida]	ئەڭ ئاخىرىدا
英勇地；勇敢地	副	[baturlartʃɛ]	باتۇرلارچە
一切；所有	形	[barliq]	بارلىق
从头到尾；自始至终		[baʃtin-aχir]	باشتىن ـ ئاخىر
不幸		[bɛχitkɛ qarʃi]	بەختكە قارشى
在这个过程中；在这段时间里		[bu ʤɛrjanda]	بۇ جەرياندا
我们是新疆儿女		[biz ʃinʤaŋ oʁul-qizliri]	بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى
收到；接到		[tapʃurup al-]	تاپشۇرۇپ ئال ـ
创建组织；创立组织		[tɛʃkilat qur-]	تەشكىلات قۇر ـ
组织	名	[tɛʃkilat]	تەشكىلات
组织	动	[tɛʃkillɛ-]	تەشكىللە ـ
结识；认识；熟悉	动	[tonuʃ-]	تونۇش ـ
生；出生；诞生	动	[tuʁul-]	تۇغۇل ـ

贡献	名	[tøhpɛ]	تۆھپە
贡献；做贡献		[tøhpɛ qoʃ-]	تۆھپە قوش -
祝愿	名	[tilɛkdaʃ]	تىلەكداش
表示祝愿		[tilɛkdaʃliq bildyr-]	تىلەكداشلىق بىلدۈر -
战斗的	形	[ʤɛŋgiwar]	جەڭگىۋار
纪念；记录	动	[χatirilɛ-]	خاتىرىلە -
纪念活动		[χatirilɛʃ paalijiti]	خاتىرىلەش پائالىيىتى
继续进步；继续前进		[dawamliq ilgirilɛ-]	داۋاملىق ئىلگىرىلە -
健康；健康状况	名	[salamɛtlik]	سالامەتلىك
问候；问好		[salam ejt-]	سالام ئېيت -
光荣的；光耀的；光辉的	形	[ʃanliq]	شانلىق
诗人	名	[ʃair]	شائىر
《新疆日报》		[《ʃinʤaŋ geziti》]	« شىنجاڭ گېزىتى »
发愁；忧愁；担忧；操心；惦念		[ʁɛm qil-]	غەم قىل -
二月	名	[pewral]*	فېۋرال
留下来	使动	[qaldur-]	قالدۇر -
武装的；持械的；随带武器的	形	[qoralliq]	قورallىق
起义	名	[qozʁilaŋ]	قوزغىلاڭ

①邻居②相邻的	名\形	[qoʃna]	قوشنا
逮捕；捕获		[qolʁa al-]	قولغا ئال -
牺牲		[qurban bol-]	قۇربان بول -
国民党	名	[gomindaŋ]	گومىنداڭ
反国民党组织		[gomindaŋʁa qarʃi tɛʃkilat]	گومىنداڭغا قارشى تەشكىلات
鲁提甫拉•木塔力甫		[lutpulla mutɛllip]	لۇتپۇللا مۇتەللىپ
成比例的；合适的；相应的；相称的	形	[munasip]	مۇناسىپ
县	名	[nahijɛ]	ناھىيە
尼勒克县(属伊犁哈萨克自治州伊犁地区)	名	[nilqa]	نىلقا
暂时	副	[hazirtʃɛ]	ھازىرچە
①激动；激动的心情②激动人心的	形	[hajadʤanliq]	ھاياجانلىق
平均分数		[ortaq nɛtiʤɛ]	ئورتاق نەتىجە
上星期		[øtkɛn hɛptɛ]	ئۆتكەن ھەپتە
①让②恳求；恳请	动	[øtyn-]	ئۆتۈن -
爱国的	形	[wɛtɛnpɛrwɛr]	ۋەتەنپەرۋەر
机关；机关单位		[idarɛ-ʤɛmijɛt]*	ئىدارە - جەمئىيەت
思想	名	[idijɛ]	ئىدىيە
革命的	形	[inqilawi]*	ئىنقىلابى
革命活动		[inqilawi paalijɛt]*	ئىنقىلابى پائالىيەت

富有革命思想的 [inqilawi idijilirigɛ baj]* ئىنقىلابىي ئىدىيىلىرىگە باي

值得写的 [jazʁudɛk] يازغۇدەك

进一步地；更加深入地 [jɛnɛ bir qɛdɛm ilgiriligɛn halda] يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا

以上；高 [juqiri bol-] يۇقىرى بول-

调；调动(工作) 动 [jøtkɛl-] يۆتكەل-

43.3 词语用法说明

[sirt] سىرت

①[sirt] سىرت是名词，“表示外面，外”等意义，如：

(外面正下雪呢。) سىرتتا قار يېغىۋاتىدۇ.

[sirtta qar jeʁiwatidu.]

(我们到外面去转转。) بىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى.

[biz sirtqa tʃiqip ajlinip kelɛjli.]

②[sirt] سىرت 做后置词与带从格的词连用，表示“除了……以外，除了……之外”等意义，如：

(他除了学汉语外，还学了维吾尔语。) ئۇ خەنزۇچە ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇرچە ئۆگەندى.

[u χɛnzutʃɛ øgɛngɛndin sirt, jɛnɛ ujʁurtʃɛ øgɛndi.]

(这个商店除了售书外，还销售其他许多东西。) بۇ ماگىزىندا كىتابتىن سىرت، يەنە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەر سېتىلىدۇ.

[bu magizinda kitaptin sirt, jɛnɛ

baʃqa nurʁun nɛrsilɛr setilidu.]

43.4　语法要点

语序

维吾尔语句子的语序一般是主语位于句首，谓语位于句末，宾语位于主语和谓语之间，定语位于中心词之前。状语如果直接说明动作和状态，则在谓语之前；如果说明整个句子，通常位于句首在主语之前。

(1) 主语在谓语之前，如：

(他去上学了。)　ئۇ ئوقۇشقا كەتتى .
[u oqu̥ʃqa kɛtti.]

(马木提在学校工作。)　مامۇت مەكتەپتە ئىشلەيدۇ .
[mamut mɛktɛptɛ i̥ʃlɛjdu.]

(这是学校。)　بۇ مەكتەپ .
[bu mɛktɛp.]

(学习是我们的任务。)　ئۆگىنىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز .
[øginiʃ bizniŋ wɛzipimiz.]

(2) 谓语处在句子的末尾，如：

(他去上学了。)　ئۇ ئوقۇشقا كەتتى .
[u oqu̥ʃqa kɛtti .]

(那个人是谁？)　ھېلىقى ئادەم كىم ؟
[heliqi adɛm kim?]

(这是学校。)　بۇ مەكتەپ .
[bu mɛktɛp .]

（他有四个孩子。） ئۇنىڭ بالىسى تۆت .

[uniŋ balisi tøt .]

(3) 宾语处在主语之后，谓语之前，如：

（我喜欢这本书。） مەن بۇ كىتابنى ياخشى كۆرىمەن .

[mɛn bu kitapni jaχʃi kørimɛn.]

（你选谁了？） سەن كىمنى سايلىدىڭ ؟

[sɛn kimni sajlidiŋ.]

（我看电影了。） مەن كىنو كۆردۈم .

[mɛn kino kørdym.]

（我买了本词典。） مەن لۇغەت سېتىۋالدىم .

[mɛn luʁɛt setiwaldim.]

(4) 定语处在被修饰的词语之前，如：

（我的母亲是教师。） مېنىڭ ئانام ئوقۇتقۇچى .

[meniŋ anam oqutqutʃi.]

（他是个善良的人。） ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم .

[u aq køŋyl adɛm.]

（您把那个本子给我。） سىز ئاۋۇ دەپتەرنى ماڭا بېرىڭ .

[siz awu dɛptɛrni maŋa beriŋ.]

(5) 状语如果直接说明动作和状态，则在谓语之前；如果说明整个句子，通常位于句首在主语之前，如：

（他的字写得很好看。） ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ .

[u χɛtni tʃirajliq jazidu.]

（他去教室了。） ئۇ سىنىپقا كەتتى .

[u sinipqa kɛtti.]

（他正跑着来。） ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ .

[u jygyryp keliwatidu.]

（昨天来了两个人。） تۈنۈگۈن ئىككى ئادەم كەلگەنىدى .

[tynygyn ịkki adɛm kɛlgɛnidi.]

43.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）请用下列词语造句。

سىرت	بىرى	قاراپ	لازىم	ئۈچۈن
بولۇپ	هالدا	كۆر -	كېرەك	دېگەن
پېتى	مەيلى	باق -	بويىچە	بىلەن

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）将下列句子翻译成汉文。

(1) سىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇق .

(2) دادام ھەم ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى .

(3) مەن بۇ يىل ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزىمەن .

(4) مەن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىشىم كېرەك .

(5) بىز سىزگە سالامەتلىك ۋە خۇشاللىق تىلەيمىز !

(6) ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق（顺利）بولسۇن !

(7) تۇرمۇشۇڭلار بەختلىك بولسۇن !

(8) ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىن سىرت يەنە مانجۇ تىلىمۇ بىلىدۇ .

3）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 我们家除了父母外还有爷爷奶奶。

(2) 他今年以优异成绩大学毕业了。

(3) 我父亲小时侯家里生活困难，因此没能上学。

(4) 这些植物生长在新疆南部。

(5) 我祝愿你们一切顺利！

(6) 你今后要更加努力学习。

4）结合课文回答下列问题。

(1) يۈسۈپنىڭ مەكتىپىدە قانداق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن ؟

(2) پائالىيەتكە كىملەر قاتناشقان ؟

(3) لۇتپۇللا مۇتەللىپ قانداق شائىر ئىكەن ؟

(4) ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ ؟

(5) بۇ پائالىيەتتە يۈسۈپ شائىرنىڭ قايسى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغان ؟

(6) بۇ پائالىيەت قانداق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكەن ؟

第 44 课　قىرىق تۆتىنچى دەرس

44.1 课文　تېكىست

长城　سەددىچىن سېپىلى

سەددىچىن سېپىلى يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ ئېگىز ۋە تىك تاغلار ئارىسىدا يۆگىلىپ ياتقان ئۇزۇن بىر ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. ئۇ شەرقتە شەنخەيگۇەندىن، غەربتە جيايۇگۇەنگىچە بولغان 12 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقتا سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

بېيجىڭدىن چىقىپ، بىر نەچچە ئون كىلومېتىر ماڭسىڭىز سەددىچىن سېپىلىغا يېتىپ كېلىسىز. سېپىلنىڭ بادالىڭدىكى بۇ قىسمى ئېگىز ھەم پۇختا بولۇپ، چوڭ-چوڭ ئۇزۇنچاق تاش ۋە خىشلاردىن ياسالغان. سېپىلنىڭ ئاستىغا چاسا خىشلار ئىنتايىن تەكشى ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ناھايىتى كەڭ سېمونت يولغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا بەش، ئالتە ئات قاتارلىشىپ ماڭالايدۇ. سېپىلنىڭ يان تەرەپلىرىدە ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان كۇنگۇرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆزىتىش ئورنى، ئاستىدا ئوق ئېتىش ئورنى بار. بۇلار كۆزىتىش ۋە ئوققا تۇتۇشتا پايدىلىنىدۇ. سېپىلنىڭ ئۈستىدە ھەر 300 نەچچە مېتىر ئارىلىقتا بىردىن چاسا شەكىللىك سېپىل راۋىقى

بار. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا راۋاقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقىلە-
شىشقا بولىدۇ .

سەددىچىن سېپىلىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ياتقۇزۇلغان چاسا
خىشلارنى دەسسەپ، تاملاردىكى ئۇزۇنچاق تاشلارغا يۆلىنىپ
تۇرغىنىڭىزدا، تەبىئىي ھالدا قەدىمكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ
سېپىلنى قۇرغان ئەمگەكچى خەلق ئېسىڭىزگە كېلىدۇ . مۇشۇ
سان- ساناقسىز تاشلار يا پويىز، يا ئاپتوموبىل ۋە ياكى كىران
بولمىغان ئاشۇ ۋاقىتلاردا مۈرە ۋە قوللارغا تايىنىپ، بىر
قەدەم- بىر قەدەملەپ بېسىپ، مۇشۇ تىك تاغلارغا ئېلىپ
چىقىلغان . بۇ باش- ئاخىرىغا كۆز يەتكۈسىز سەددىچىن سې-
پىلى نۇرغۇنلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان- تەرى ۋە ئەقىل
پاراستى ئارقىلىق قۇرۇلغانىدى .

بۇنداق ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىكى قۇرۇلۇش دۇنيا تا-
رىخىدىكى ئۇلۇغ بىر مۆجىزىدۇر .

44.2 词语 سۆز- ئىبارىلەر

汽车	名 [aptomubil]	ئاپتوموبىل
多；多余	副 [artuq]	ئارتۇق
在中间；之间	[arisida]	ئارىسىدا
下面；底下	[asti]	ئاستى
①翻越；超过②增加；增长	动 [aʃ-]	ئاش-
联系；联络；交涉	动 [alaqilaʃ-]	ئالاقىلاش-
①龙②苍龙；恶魔	名 [ɛʤdiha]	ئەجدىھا
聪明才智；智慧	[ɛqil parasɛt]	ئەقىل پاراسەت

劳动人民		[ɛmgɛktʃi χɛlq]	ئەمگەكچى خەلق
八达岭；长城	名	[badaliŋ]	بادالىڭ
从头到尾；自始至终		[baʃ-aχir]	باش ـ ئاخىر
这样；这种；如此	代\副	[bundaq]	بۇنداق
一步		[bir qɛdɛm]	بىر قەدەم
好几十公里		[bir nɛtʃtʃɛ on kilometir]	بىر نەچچە ئون كىلومېتىر
①利用；采用②参考	动	[pajdilan-]	پايدىلان ـ
火车	名	[pojiz]	پويىز
石；石头	名	[taʃ]	تاش
墙	名	[tam]	تام
①依靠；依赖；凭借②拄；支撑	动	[tajan-]	تايان ـ
很自然地；自然		[tɛbii halda]*	تەبىئىي ھالدا
平的；平坦的；平整的；整齐的	形	[tɛkʃi]	تەكشى
①竖的；直立的；陡的；陡峭的②直；垂直	形	[tik]	تىك
斤	量	[ʤiŋ]	جىڭ
嘉峪关	名	[ʤajygɛn]*	جىايۇگۈەن
方的；正方形的	形	[tʃasa]	چاسا
正方形的		[tʃasa ʃɛkillik]	چاسا شەكىللىك
砖	名	[χiʃ]	خىش
①踩；踏②走；登	动	[dɛssɛ-]	دەسسە ـ

世界史		[dunja tariχi]	دۇنيا تارىخى
阁楼；城楼	名	[rawaq]	راۋاق
无数的		[san-sanaqsiz]	سان ـ ساناقسىز
万里长城；长城		[sɛtditʃin sepili]*	سەددىچىن سېپىلى
延伸		[sozulup jat-]	سوزۇلۇپ ياتـ
水泥路		[semont jol]	سېمونت يول
山海关	名	[ʃɛnχɛjgɛn]*	شەنخەيگۈەن
并排；并列	动	[qatarlaʃ-]	قاتارلاشـ
心血；血汗		[qan-tɛr]	قان ـ تەر
一步一步地走；一步一个脚印地前进		[bir qɛdɛm-bir qɛdɛmlɛp bas-]	بىر قەدەم ـ بىر قەدەملەپ باسـ
古的；古代的；古老的	形	[qɛdimqi]*	قەدىمكى
①建设；建立；成立；缔造②支起	动	[qur-]	قۇرـ
①建筑；工程②建设	名	[quruluʃ]	قۇرۇلۇش
起重机；吊车	名	[kiran]*	كران
①外观；外形；外貌；景像；外表；表面②场面；镜头；场景	名	[kørynyʃ]	كۆرۈنۈش
观察；观测	动名	[køzitiʃ]	كۆزىتىش
一望无际的		[køz jɛtkysiz]	كۆز يەتكۈسىز
垛口；雉堞；女墙	名	[kyngyrɛ]	كۈنگۈرە
奇迹	名	[mødʒizɛ]	مۆجىزە
肩膀；肩	名	[myrɛ]	مۈرە

扫射；射击；炮轰；枪击；袭击	[oqqa tut-]	ئوققا تۇت ـ
扫射台	[oq etiʃ orni]	ئوق ئېتىش ئورنى
战争；打仗	名 [uruʃ]	ئۇرۇش
长圆形的；椭圆形的	形 [uzuntʃaq]	ئۇزۇنچاق
伟大的；宏大的；巨大的	形 [uluq]*	ئۇلۇغ
想起；记起	[esigɛ kɛl-]	ئېسىگە كەل ـ
拿上去；带上去；拉上去；扛上去	[elip tʃiq-]	ئېلىپ چىق ـ
铺；铺设；铺砌	使动 [jatquz-]	ياتقۇز ـ
旁边；侧面	[jan tɛrɛp]	يان تەرەپ
①既……又…… ②或者……或者…… ③要么…… 要么……	连 [ja …… ja]	يا ... يا
卷；缠；缠绕；包；裹	动 [jøgɛl-]	يۆگەل ـ
靠；依靠…… 站着	[jølinip tur-]	يۆلىنىپ تۇر ـ
到达	[jetip kɛl-]	يېتىپ كەل ـ

44.3　词语用法说明

[dɛp] دەپ

[dɛp] دەپ是动词[dɛ-] دە ـ的副动词形式。

①表示“说，谈”的意思，如：

ئۇ: «ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپتۇ .　（他说：“阿凡

提，您这是干什么呀？”。） [u: “ɛpɛndim，bu nemɛ qilʁiniŋiz？” dɛptu.]

（他说完就走了。） ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا كېتىپ قالدى .
[u gepini dɛp bolupla ketip qaldi.]

②在句中用在动词祈使式和助动词[qal-][tur-] « قال- // تۇر- » 之间，构成复合谓语，表示行为动作即将进行或完成，如：

（这本书，我快看完了。） بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولاي دەپ قالدىم .
[bu kitapni oqup bolaj dɛp qaldim.]

（我正要亲自去接您呢。） ئۆزەم ئالدىڭىزغا باراي دەپ تۇراتتىم .
[øzɛm aldiŋizʁa baraj dɛp turattim.]

③在句中用在名词、代词或动词现在将来时和祈使式之后，表示目的，如：

（他是为了读书而来到这里的。） ئۇ ئوقۇشنى دەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى .
[u oquʃni dɛp bu jɛrgɛ kɛlgɛnidi .]

（我们是来向您请假的。） بىز سىزدىن رۇخسەت سورايلى دەپ كەلدۇق .
[biz sizdin ruχsɛt sorajli dɛp kɛlduq .]

④ 与 [ojla-][ata-][hesapla-] « ئويلا- // ئاتا- // ھېسابلا- » 连用构成复合谓语，如：

（我一直认为他是我最好的朋友。） مەن ئۇنى ئەڭ ياخشى دوستۇم دەپ ئويلايمەن .
[mɛn uni ɛŋ jaχʃi dostum dɛp ojlajmɛn .]

（人们把新疆称为歌舞之乡。） كىشىلەر شىنجاڭنى ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتى دەپ ئاتايدۇ .
[kiʃilɛr ʃindʒaŋni naχʃa-ussul jurti dɛp atajdu .]

（我一直认为他是最好的学生。） مەن ئۇنى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى دەپ ھېسابلايمەن .
[mɛn uni ɛŋ jaχʃi oquʁutʃi dɛp hesaplajmɛn .]

⑤用于引语后起连接作用，并在句中与前面的引语共同充当句子的状语，汉语里一般用“叫、让、使”来表示，如：

（母亲叫我上街去买肉。）　ئانام مېنى بازاردىن گۆش ئەكەل دەپ بۇيرىدى .
[anam meni bazardin gøʃ ɛkɛl dɛp bujridi.]

（她请求母亲让她去当模特儿。）　ئۇ ئانىسىغا مودېل بولسام دەپ يالۋۇردى .
[u anisiʁa model bolsam dɛp jalwurdi.]

⑥在句中经常依附在并列的几个名词或词组之后，不表示具体意义，只对动词所陈述的各项起归纳的作用，如：

（一年分为春、夏、秋、冬四个季节。）　بىر يىل ئەتىياز ، ياز ، كۈز ، قىش دەپ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ .
[bir jil ɛtijaz, jaz, kyz, qiʃ dɛp tøt pɛsilgɛ bølynidu.]

（维吾尔语的句子分单句和复句两类。）　ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەر ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .
[ujʁur tilidiki ʤymlilɛr addi ʤymlɛ wɛ qoʃma ʤymlɛ dɛp ikki tyrgɛ bølynidu.]

44.4　语法要点

汉语借词的拼写法

⑴汉语借词中的单韵母“a、o、i、ü”和双韵母“in、ing、en、eng、un、ün、ang、uan、ua”等按普通话发音拼写，如：

Zhejiang	[ʤeʤjaŋ]	جېجياڭ
lishi	[liʃi]	لىشى
shengmu	[ʃeŋmu]	شېڭمۇ

Yünnan	[jynnɛn]	يۈننەن
Guangzhou	[guaŋʤu]	گۇاڭجۇ
Bohai	[boχaj]	بوخەي
Bingtuan	[biŋtuɛn]	بىڭتۇەن
Kunming	[kunmiŋ]	كۇنمىڭ
zhonghua	[ʤuŋχua]	جۇڭخۇا

(2)“an、ian、uan、üan、ai、ei、uai、ui”等韵母中的“a”音写成[ɛ]« ئە »；“i”音写成[j]« ي »，如：

Yan' an	[jɛnɛn]	يەنئەن
Tian' anmen	[tijɛnɛnmen]	تيەنئەنمېن
Xüeyüan	[ʃøjyɛn]	شۆيۈەن
Beijing	[bejʤiŋ]	بېيجىڭ
Guizhou	[gujʤu]	گۇيجۇ
Tianjin	[tijɛnʤin]	تيەنجىن
bingtuan	[biŋtuɛn]	بىڭتۇەن
Shanghai	[ʃaŋχɛj]	شاڭخەي
Huaihe	[χuɛjχe]	خۇەيخې
Changjiang	[ʧaŋʤijaŋ]	چاڭجياڭ

(3)汉语普通话中的“üe、uo、ou”复韵母，在维吾尔语里用[o][u][ø]« ئۆ // ئۇ // ئو »字母拼写，如：

Zhou Enlai	[ʤu enlɛj]	جۇ ئېنلەي
daxüe	[daʃø]	داشۆ
guowuyüan	[gowujyɛn]	گوۋۇيۈەن
Xüeyüan	[ʃøjyɛn]	شۆيۈەن

(4)汉语普通话中的“ao、iao”复韵母中的“o”在维吾尔语中写成 [w]« ۋ »，如：

Mao Zedong	[maw zeduŋ]	ماۋ زېدۇڭ
Liaoning	[lijawniŋ]	لياۋنىڭ
Jiao Yülu	[ʤijaw jylu]	جياۋ يۈلۈ
Shaoshan	[ʃawʃɛn]	شاۋشەن

(5)汉语普通话中的“ong、iong”韵母在维吾尔语中写成 [uŋ][juŋ]« يۇڭ // ئۇڭ »，如：

zongli	[zuŋli]	زۇڭلى
Qiongzhou	[ʧijuŋʤu]	چيۇڭجۇ

(6)汉族人名中的姓和名，在维吾尔语中要分开写，如：

Mao Zedong	[maw zeduŋ]	ماۋ زېدۇڭ
Zhou Enlai	[ʤu enlɛj]	جۇ ئېنلەي

44.5 练习 كۆنۈكمە

口头练习

1）朗读和熟记本课词语。

2）用下列词语造句。

دەپ　　ئويلا -　　ئاتا-　　ھېسابلا -

3）把课文翻译成汉文。

书面练习

1）听写本课词语。

2）选择适当的词填空。

ئۆت ـ　　ياز ـ　　ئال ـ　　ئوينا ـ　　بار ـ
چىق ـ　　كۆر ـ　　كەل ـ　　تەكرارلا ـ

(1) بۈگۈن مۇئەللىم ئۇيغۇرچە دەرس[　　　　] .
(2) ئۇ مەيداندا سائەت تۆتكىچە توپ [　　　　] .
(3) ئۇلار كۇتۇپخانىدا كىتاب [　　　　] ؟
(4) ئۇ ئاشخانىدىن تاماق [　　　　] .
(5) ئۇ دائىم ئىنتېرنېت تورىغا [　　　　] .
(6) ئۇ دائىم ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى [　　　　] .
(7) ئۇ ئۆيىگە خەت [　　　　] .
(8) بىز ئەتە باغچىغا [　　　　] .
(9) بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدىن چوقۇم تېلېفون[　　　　] .
(10) بىز بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگىچە [　　　　] .

3）将下列句子翻译成汉文。

(1) سەددىچىن سىپىلى ئېگىز ۋە تىك تاغلار ئارىسىدا يۆگىلىپ ياتقان ئۇزۇن بىر ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ .
(2) ئۇ شەرقتە شەنخەيگۇەندىن ، غەربتە جيايۈگۇەنگىچە بولغان 12 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقتا سوزۇلۇپ ياتىدۇ .
(3) سېپىلنىڭ بادالىڭدىكى بۇ قىسمى چوڭ ـ چوڭ ئۇزۇن چاق تاش ۋە خىشلاردىن ياسالغان .
(4) سېپىلنىڭ ئاستىغا چاسا خىشلار ئىنتايىن تەكشى ياتقۇزۇلغان .
(5) ئۇ ناھايىتى كەڭ سېمونت يولغا ئوخشايدۇ .

(6) ئۇنىڭدا بەش، ئالتە ئات قاتارلىشىپ ماڭالايدۇ.

(7) بۇنداق ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىكى قۇرۇلۇش دۇنيا تارىخىدىكى ئۇلۇغ بىر مۆجىزىدۇر.

4）将下列句子翻译成维吾尔文。

(1) 我们的校园像花园。

(2) 韶山是毛泽东的故乡。

(3) 周恩来是中国人民的好总理。

(4) 姐姐叫我去买菜。

(5) 人们把新疆称为歌舞之乡。

(6) 我认为他是最好的老师。

5）结合课文回答下列问题。

(1) سەددىچىن سېپىلىگە يىراقتىن قارىسا، نېمىگە ئوخشايدۇ؟

(2) ئۇ قەيەردىن باشلىنىپ قەيەرگىچە داۋاملىشىدۇ؟

(3) ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى قانچە چاقىرىم كېلىدۇ؟

(4) سېپىل نېمىدىن ياسالغان؟

(5) ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمىلەر بار؟ نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟

(6) مۇشۇ سان ـ ساناقسىز تاشلار يا پويىز، يا ئاپتوموبىل ۋە ياكى كران بولمىغان ۋاقىتلاردا نېمىگە تايىنىپ، ئاشۇ تىك تاغلارغا ئېلىپ چىقىلغان؟

第 45 课 قىرىق بەشىنچى دەرس

45.1 课文 تېكىست

نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن
阿凡提的故事

تاماقنىڭ پۇرىقى بىلەن تەڭگىنىڭ ئاۋازى
饭菜的香味与钱币的响声

بىر كۈنى نەسىرىددىن ئەپەندى ئاشخانىغا كەلسە، ئاشخانا خوجايىنى بىر كەمبەغەل ئادەمنى ئۇرۇۋېتىپتۇ. ئەپەندى دەرھال ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئاجرىتىپ، ھېلىقى كەمبەغەل ئادەمنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. جېدەلنىڭ نېمىدىن باشلانغانـلىقىنى، كەمبەغەل ئادەمنى نېمىشقا ئۇرغانلىقىنى سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئاشخانا خوجايىنى:

—— بۇ گاداي ماڭا تېگىشلىك پۇلنى تۆلىمەي كېتىپ بارىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇردۇم، —— دەپتۇ.

—— ئۇ سىزگە نېمىشقا پۇل تۆلىشى كېرەك ئىدى؟ —— دەپتۇ ئەپەندى.

—— بۇ گاداي مېنىڭ ئاشخانامغا كىرىپ، خالتىسىدىكى نېنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇزاق ئولتۇردى. خېلىغىچە يېمىدى.

ئاشخانىدىكى مەززىلىك تاماقلارنىڭ پۇرىقى نانغا راسا سىڭىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن راھەتلىنىپ يېدى ـ دە ، ئاشخانىدىن چىقىپ ماڭدى . ئۇ نانغا سىڭگەن مەززىلىك تاماقلارنىڭ پۇ ـ رىقى ئۈچۈن ماڭا پۇل تۆلىشى لازىم .

ــــ توغرا گەپ ، قېنى سىز ئېيتىپ كۆرۈڭچۇ ، ــــ دەپتۇ ئەپەندى كەمبەغەل ئادەمگە .

ــــ مېنىڭ ئاشخانىغا كىرگىنىم راست ، بوسۇغىدا ئولتۇ ـ رۇپ نېنىمنى يېگىنىممۇ راست ، چۈنكى مەن ئاشخانىغا تا- ماق يېيىش نىيىتى بىلەن كىرگەن . ئەمما يانچۇقۇمغا قو- لۇمنى سالسام ، پەقەت ئىككى ـ ئۈچ تەڭگە پۇلۇم بار ئىكەن . بۇ پۇل تاماق ئېلىپ يېيىشكە يەتمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن ئاشقان ـ تاشقان تامىقىنى بەرسە دېگەن ئۈمىد بىلەن نېنىمنى تۇتۇپ ئۇزاق ئولتۇردۇم . لېكىن بېخىل خو- جايىن ھېچ نەرسە بەرمىدى . ئىلاج يوق ئۆز نېنىمنى يېدىم ـ دە ، ئاشخانىدىن چىقىپ ماڭدىم . شۇنىڭغىمۇ پۇل تۆلەش كېلەمدۇ ، تەقسىر؟ ــــ دەپتۇ كەمبەغەل ئادەم ئە- پەندىگە ھال ئېيتىپ .

ــــ بۇمۇ توغرا گەپ ئىكەن . سىزنىڭ پۇلىڭىز بارمۇ ؟ ــــ دەپتۇ ئەپەندى كەمبەغەل ئادەمگە .

ــــ ئازراق تەڭگە پۇلۇم بار ، ــــ دەپتۇ كەمبەغەل ئادەم .

ــــ ھە ، ئازراق بولسىمۇ تۆلىسۇن ، پۇل تۆلىمىسە مەن ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن ، ــــ دەپتۇ ئاشخانا خوجايىنى ئىككىـ لىنىپ .

ــــ خوجايىن سىز سەۋر قىلىڭ ، بۇ ئادەم بىلەن ئۆزۈم

سۆزلىشەي ، ــــ دەپتۇ ئەپەندى .

ــــ بۇ ئەخمەققە ئوبدان چۈشەندۈرۈڭ ، تولسۇن ! ــــ دەپتۇ خوجايىن ئۈمىدلىنىپ .

ــــ سىز تەڭگىلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭچۇ ، ــــ دەپتۇ ئەپەن-دى كەمبەغەل ئادەمگە .

كەمبەغەل ئادەم بىرئاز رەنجىگەندەك قىلىپ يانچۇقىدىكى تەڭگىلىرىنى ئەپەندىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ . ئەپەندى تەڭگىلەر-نى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ :

ــــ بۇياققا كېلىڭ خوجايىن ، ــــ دەپتۇ خوجايىنغا .

خوجايىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، ئەپەندىنىڭ قېشىغا كەپتۇ . ئەپەندى تەڭگىنى خوجايىننىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئۇزاق شاراقلىتىپتۇ . پۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خوجايىن تېخىمۇ ھەجىيىشقا باشلاپتۇ . ئەپەندى تەڭگىلەرنى تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك شاراقلىتىپتۇ . ئۇزۇنغىچە شاراقلاتقاندىن كېيىن ، ئەپەندى تەڭگىلەرنى كەمبەغەل ئادەمگە ياندۇرۇپ بېرىپتۇ :

ــــ ئەمدى سىز يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ ، دەپتۇ .

ھېلىقى كەمبەغەل ئادەم ئاز بولسىمۇ پۇلنىڭ يانچۇقىدا قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ، ئەپەندىگە مىننەتدارلىق بىل-دۈرۈپ ، كېتىشكە تەييارلىنىپتۇ .

ــــ ئەپەندىم ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، پۇلۇمنى نېمىشقا تۆ-لىتىپ بەرمەيسىز ؟ ــــ دەپتۇ خوجايىن .

ــــ خوجايىن، ئاداللەتلىك گەپ قىلايلى ، توغرىسىنى ئېيت-قاندا ، ئۇ سىزنىڭ تاماقلىرىڭىزنى يېمىگەن . پەقەت پۇرىقىنى پۇ-رىغان ، خالاس . ئەمدى سىز ئۇنىڭ تەڭگىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-

لىدىڭىز ، شۇڭلاشقا كەمبەغەلنىڭ بويىندا سىزنىڭ ھەققىڭىز قالمىدى . تاماقنىڭ پۇرىقى تەڭگىنىڭ ئاۋازى بىلەن تۆلەندى ، — دەپتۇ .

خوجايىن گەپتىن يېڭىلىپ ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ . كەمبەغەل ئادەم بولسا ئەپەندىدىن رازى بولۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ .

پەرىجەم يېسۇن ! 请我的长袍吃吧！

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ مەھەللىسىدە توي بوپتۇ . ئەپەندى كونا كىيىملىرى بىلەنلا تويغا بېرىپتۇ . لېكىن ھېچكىم ئەپەندىگە ئېتىبار قىلماپتۇ ، ئۆيگىمۇ باشلىماپتۇ . ئەپەندى دەرھال ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ، مېھمانلىق يېڭى پەرىجىسىنى كىيىپ كەپتۇ . ئۇنى دەرھال ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىرىپتۇ .

ئاش كەلتۈرۈلگەندە ، ئەپەندى پەرىجىسىنىڭ يېڭىنى تىقىپ :

— قېنى ، ئاش ئال پەرىجەم ! تويغىچە يېگىن ! — دېيىشكە باشلاپتۇ . ساھىبخان ھەيران بولۇپ :

— ئەپەندىم ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سورىغانىكەن .

— ئىززەت ـ ھۆرمەت پەرىجە ئۈچۈن بولسا ، ئاشنىمۇ پەرىجەم يېسۇن ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى .

45.2　词语　سۆز ـ ئىبارىلەر

①区别；划分②拉架；劝架③分解；分泌	使动	[adʤrat-]	ئاجرات ـ
正义的；公正的	形	[adalɛtlik]	ئادالەتلىك
相继；陆续；连续；接二连三		[arqa-arqidin]	ئارقا ـ ئارقىدىن
站出来评理		[ariʁa tʃyʃ-]	ئارىغا چۈش ـ
虽然少		[az bolsimu]	ئاز بولسىمۇ
少点儿；一点儿	形	[azraq]	ئازراق
剩下的；残留的		[aʃqan-taʃqan]	ئاشقان ـ تاشقان
上饭；上菜		[aʃ kɛltyr-]	ئاش كەلتۈر ـ
兴高采烈		[aʁzi quliqiʁa jɛt-]	ئاغزى قۇلىقىغا يەت ـ
傻瓜；笨蛋	形	[ɛχmɛq]	ئەخمەق
请；带领；引	动	[baʃla-]	باشلا ـ
①门槛②门边；门口	名	[bosuʁa]	بوسۇغا
①脖子；颈②身上的；肩负的	名	[bojun]	بويۇن
吝啬的；小气的	形	[beχil]	بېخىل
无领对襟长袍(维吾尔族男式服装)	名	[pɛriʤɛ]	پەرىجە
付款；付费		[pul tølɛ-]	پۇل تۆلە ـ
气味；味	名	[puraq]	پۇراق

钱	名	[pul]	پۇل
棒子；棍子	名	[tajaq]	تاياق
阁下；先生	名	[tɛqsir]	تەقسىر
银元；银币	名	[tɛŋgɛ]	تەڭگە
说实话		[toʁrisini ejtqanda]	توغرىسىنى ئېيتقاندا
结婚；办喜事；举行婚礼		[toj bol-]	توي بول -
吃个够；尽饱吃		[tojʁutʃɛ jɛ-]	تويغۇچە يە -
抓；捉；拿；拉；持；握	云	[tut-]	تۇت -
赔偿；偿还	动	[tølɛ-]	تۆلە -
根；底	名	[tyw]	تۈۋ
①应当的；应该的；值得的②必要的；必须的	形	[tegiʃlik]	تېگىشلىك
①塞②藏③刺；扎；插	动	[tiq-]	تىق -
争吵；纠纷；事端；是非	名	[dʒedɛl]	جېدەل
①表示免除；摆脱；解除②而已；罢了	形\语气	[χalas]	خالاس
袋子；口袋	名	[χalta]	خالتا
老板；主人	名	[χodʒajin]	خوجايىن
很久；长时间	副	[χeliʁitʃɛ]	خېلىغىچە
①位于前一个句末，表示前后两个动作的连贯②表示赞叹③表示难；遗憾	语气	[dɛ]	دە

立即；立刻；马上	副	[dɛrhal]	دەرھال
满意；情愿；甘愿		[razi bol-]	رازى بول -
真的；真实的	形	[rast]	راست
感到舒服；感到舒坦；享受	动	[rahɛtlɛn-]	راھەتلەن -
道谢；致谢；称谢		[rɛχmɛt ejt-]*	رەھمەت ئېيت -
生气；见怪；受委屈	动	[rɛnʤi-]	رەنجى -
插进去；放进去	动	[sal-]	سال -
主人；东道主	名	[sahipχan]*	ساھىبخان
忍耐；忍受		[sɛwir qil-]*	سەۋر قىل -
交涉；理论；说一说；谈一谈	动	[søzlɛʃ-]	سۆزلەش -
①渗；渗透②吸收；消化	动	[siŋ-]	سىڭ -
①哗啦哗啦响②发当啷声；发哐啷声	动	[ʃaraqla-]	شاراقلا -
这还要；这还用		[ʃuniŋʁimu]	شۇنىڭغىمۇ
挽救；援救；搭救；拯救；救护	使动	[qutuldur-]	قۇتۇلدۇر -
耳朵	名	[qulaq]	قۇلاق
放走	动	[qojuwɛt-]	قويۇۋەت -
走掉		[ketip bar-]	كېتىپ بار -
准备走；准备起身		[ketiʃkɛ tɛjjarlan-]	كېتىشكە تەييارلان -

①穷人；穷光蛋 ②乞丐；叫花子	名	[gadaj]	گاداي
美味的；可口的； 好吃的	形	[mɛzzilik]	مەززىلىك
居民点；街区；社区	名	[mɛllɛ]*	مەھەللە
做客(请客)用的	形	[memanliq]*	مېھمانلىق
表示感谢；道谢； 致谢		[minnɛtdarliq bildyr-]	مىننەتدارلىق بىلدۈر -
阿凡提		[nɛsriddin ɛpɛndi]	نەسرىددىن ئەپەندى
起因		[nemidin baʃlanʁanliʁi]*	نېمىدىن باشلانغانلىقى
①心肠；心意；心眼 ②动机；用心	名	[nijɛt]	نىيەت
东张西望	动	[haŋwaq-]	ھاڭۋاق -
①诉苦衷②反映情况		[hal ejt-]	ھال ئېيت -
①酬金；报酬②权利	名	[hɛq]	ھەق
什么东西都； 什么东西也	代	[heʃ nɛrsɛ]*	ھېچ نەرسە
奸笑起来		[hiʤajʁili tur-]	ھىجايغىلى تۇر -

ھ

①好好地；狠狠地②好	副\形	[opdan]*	ئوبدان
打；奏；拍；击	动	[ur-]	ئۇر -
很长时间；好久	副	[uzunʁitʃɛ]	ئۇزۇنغىچە

请上上座；		[øjniŋ tørigɛ	ئۆينىڭ تۆرگە
请坐上座		tʃiqar-]*	چىقار-
希望；指望	动	[ymytlɛn-]*	ئۈمىدلەن -
大声点	形	[ynlykrɛk]	ئۈنلۈكرەك
照顾；优待；		[etibar qil-]	ئېتىبار قىل -
重视；注重			
讲一讲看；说说看		[ejtip kør-]	ئېيتىپ كۆر-
尊严；尊敬；荣誉		[izzɛt - hørmɛt]	ئىززەت - ھۆرمەت
犹豫；犹豫不定	动	[ikkilɛn-]*	ئىككىلەن -
没有办法		[iladʒ joq]	ئىلاج يوق
衣袋；口袋儿	名	[jantʃuq]	يانچۇق
退还；退回		[jandurup bɛr-]	ياندۇرۇپ بەر-
①够②到达；达到	动	[jɛt-]	يەت -
袖子	名	[jɛŋ]	يەڭ
输；败；失败	动	[jeŋil-]	يېڭىل -

45.3 词语用法说明

[dɛ]« دە »

[dɛ]« دە » 是语气词。

①用在句末，表示说话者的惊讶、赞叹、肯定等语气，如：

ئاپلا بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن - دە !

[apla bu iʃni untup qaptimɛn - dɛ!]

（哎呀！我把这事给忘了！）

ياخشى ئۆگەنمىسە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ - دە !

[jaχʃi øgɛnmisɛ imtihandin øtɛlmɛjdu - dɛ!]

（不好好学习考试肯定会不及格的。）

②给句子增加疑问语气，如：

（阿娜尔古丽也来了？） ئانارگۈلمۇ كەپتۇ - دە ؟

[anargylmu kɛptu-dɛ?]

（你们搬新房了？） يېڭى ئۆيگە كۆچۈپسىلەر - دە ؟

[jeŋi øjgɛ køtʃypsilɛr-dɛ?]

③用在复句中的前一个分句末，起连接作用，表示紧接着发生的动作，如：

ئۇ دەرستىن چۈشتى -دە ، ئۇدۇل ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى .

[u dɛrstin tʃyʃti-dɛ , udul iʃχaniʁa kirip kɛtti.]

（他一下课就直奔办公室去了。）

ئۇ بىزنى كۆردى - دە ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى .

[u bizni kørdi-dɛ , χuʃalliqidin sɛkrɛp kɛtti.]

（他一见到我们就高兴地跳了起来。）

45.4 语法要点

动词过去时间接陈述式

动词过去时间接陈述式表示说话者用间接知道的语气（即根据某种结果、迹像或通过别人的话语才知道的语气）来陈述已经发生的动作。

动词过去时间接陈述式的肯定式由 [p]«پ»副动词结合以

下人称附加成分构成：

人称		数	附加成分	例词
第一人称		单数	-تىمەن [-timɛn]	يېزىپ+تىمەن=يېزىپتىمەن [jezip+timɛn=jeziptimɛn]
		复数	-تىمىز [-timiz]	يېزىپ+تىمىز=يېزىپتىمىز [jezip+timiz=jeziptimiz]
第二人称	普称	单数	-سەن [-sɛn]	يېزىپ+سەن=يېزىپسەن [jezip+sɛn=jezipsɛn]
	尊称	单数	-سىز [-siz]	يېزىپ+سىز=يېزىپسىز [jezip+siz=jezipsiz]
	复数		-سىلەر [-silɛr]	يېزىپ+سىلەر=يېزىپسىلەر [jezip+silɛr=jezipsilɛr]
第三人称	单数、复数		-تۇ [-tu]	يېزىپ+تۇ=يېزىپتۇ [jezip+tu=jeziptu]

过去时间接陈述式的否定形式，是在动词词干上先附加否定词尾 [ma][mɛ]« ما // مە »，再附加 [p]«پ»，最后附加上述人称附加成分构成，如：

[kør+mɛ+p+timɛn=kørmɛptimɛn]　　كۆر+مە+پ+تىمەن=كۆرمەپتىمەن

[kør+mɛ+p+timiz=kørmɛptimiz]　　كۆر+مە+پ+تىمىز=كۆرمەپتىمىز

[kør+mɛ+p+sɛn=kørmɛpsɛn]　　كۆر+مە+پ+سەن=كۆرمەپسەن

[bar+ma+p+siz=barmapsiz]　　بار+ما+پ+سىز=بارماپسىز

[bar+ma+p+silɛr=barmapsilɛr]　　بار+ما+پ+سىلەر=بارماپسىلەر

[bar+ma+p+tu=barmaptu]　　بار+ما+پ+تۇ=بارماپتۇ

过去时间接陈述式的疑问式，是在动词过去时间接陈述式后附加疑问语气词 [mu]« مۇ »构成，如：

[kørmɛptimɛn+mu=kørmɛptimɛnmu]	كۆرمەپتىمەن+مۇ=كۆرمەپتىمەنمۇ
[kørmɛptimiz+mu=kørmɛptimizmu]	كۆرمەپتىمىز+مۇ=كۆرمەپتىمىزمۇ
[kørmɛpsɛn+mu=kørmɛpsɛnmu]	كۆرمەپسەن+مۇ=كۆرمەپسەنمۇ
[barmapsiz+mu= barmapsizmu]	بارماپسىز+مۇ=بارماپسىزمۇ
[barmapsilɛr+mu=barmapsilɛrmu]	بارماپسىلەر+مۇ=بارماپسىلەرمۇ
[barmaptu+mu=barmaptumu]	بارماپتۇ+مۇ=بارماپتۇمۇ

